# شىنجاڭ مەدەنىيىتى


Xinjiang Civization

2

1987



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چېچەك          ئۆركەش جاپپار   فوتوسى

شىنجاڭ مەدەنىيىتى — قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

36- يىل نەشرى — 1987- يىل 2- سان (165- سان)

# بۇ ساندا

ئەدەبىيات گۈلزارى

تاشلاندۇق كەپىدە ......(پوۋېست) ...... توختى ئايۇپ 31
قوش مەسچىد ...... (ھېكايە) ...... مۇھەممەد ئېلىزۇنۇن 7
چۆشنامە ...... (شېئىر) ...... روزى سايىت 24
بىچارە ...... (« ») ...... رەخىم قاسىم 30
لېرىكىلار ...... (« ») ...... ئىمىن ئەخمىدى 58

سەھنە ماتېرىياللىرى

مۇۋاپىقىيەت قازىنىشنىڭ يولى ......(دراما) ...... تەۋپىق ھەكىمى 14
تۇرپان خەلقى ......(ناخشا تېكىستى) ...... قېيۇم بارات 69
بوستان يېزام ...... (« » ») ...... مۇختار ئىبراھىم 69
مەڭگۈ بىللە ئىشلىسەك ...... (« » ») ...... ياسىن مەخسۇد 69

مىللەتلەر

دۆلىتىمىزدىكى قازاق خەلقى ...... نىغمەت مىڭجانى 62

ئۆرپ - ئادەتلەر

تاجىكلار ھاياتىدىن خاتىرىلەر ...... نىزامىدىن ھۈسەيىن 2
ياپونلارنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى ...... 6

تۇرمۇش مەسلىھەتچىسى

ئەجدادلار ۋەسىيەتلىرىدىن ...... 21
ئادەمنى سەسكەندۈرىدىغان قىلىقلار ...... 23

ئاممىۋى سەنئەت خەۋەرلىرى

1986- يىلى پايتەختتە ئۆتكۈزۈلگەن «خەلق مۇزىكىلىرى ۋە خەلق ئۇسسۇللىرىنىڭ مەملىكەتلىك مۇسابىقىسى»دە ئاپتونوم رايونىمىزدىن قاتناشتۇرۇلغان نومۇرلار ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى ...... ھېيتەم ھۈسەيىن، زۇنۇن باقى 67

خەتتاتلار مۇنبىرى

ھۆسنخەتلەر ...... ئابلىكىم ئەسئەت ئىشلىگەن 80

چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

ئەيسا ...... (ھېكايە) ...... راندىژىد دېسائى 70

ماتېرىيال

تاج مەھەل مازىرى ...... 78

مۇقاۋىدا: ھەيرانباغ. شاۋلېيياڭ فوتوسى — رەسسام ۋە خەتتات: مۇختار ئابدۇراخمان

www.uyghurkitap.com





## تاجىكلار

تاجىكلار — ئاسىيادا ياشاپ كەلگەن قەدىمكى خەلقلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇزاق تارىخىي زامانلار ئىچىدە ئۇلار نۇرغۇن قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈپ، دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىغا تارقىلىپ ماكانلاشقان. تاجىكلارنىڭ ھازىرقى زاماندىكى ئەڭ چوڭ قەبىلىلىرى — «زىبباك تاجىكلىرى»، «شۇغنان تاجىكلىرى»، «بەرتان تاجىكلىرى»، «ئىسكانتۇم تاجىكلىرى»، «يازقۇرۇم تاجىكلىرى»، «رەۋشات تاجىكلىرى»، «سېرىقۇل تاجىكلىرى»، «ۋاخان تاجىكلىرى»... قەبىلىلىرىدىن ئىبارەتتۇر. بۇ قەبىلىلەر ئوخشاشلا «تاجىك» نامى بىلەن ھازىرقى زاماندا ئافغانىستان، پاكىستان، بېنگال، ئىران، سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭگو، ھىندىستان، كەشمىر قاتارلىق ئەللەردە بىر قەدەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. كۆپرەك مەركەزلەشكەن يەرلىرى ئافغانىستان (بۇ دۆلەت ئاھالىسىنىڭ 30 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ)، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئىران ۋە پاكىستان بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 7 مىليوندىن كۆپرەك. ئىسلام دىنىنىڭ ھازىر پاكىستان، ھىندونېزىيە، شەرقىي ئافرىقا، ھىندىستان، ئىران، ئىراق، سۇرىيە قاتارلىق مەملىكەتلەردە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان شىئە — ئىسمائىلىيە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ.

ئېلىمىز تاجىكلىرى ئۇزاق تارىختىن بېرى ئۆزلىرىنى ئاساسەن «سېرىقۇل تاجىكلىرى» ۋە «ۋاخان تاجىكلىرى» دەپ ئاتاپ، ئىككى چوڭ قەبىلە بويىچە ياشاپ كەلمەكتە. بۇلار ۋەتىنىمىزنىڭ تۈپ يەرلىك خەلقلىرىدۇر.

«سېرىقۇل تاجىكلىرى» قەدىمكى زاماندىن تارتىپ، ئېلىمىزنىڭ پامىر ئېگىزلىكىدىكى سېرىقۇل تەكشىلىكىدە ياشاپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى يەر نامى بىلەن «سېرىقۇل تاجىكلىرى» دەپ ئاتىغان. ئۇلارنىڭ تىلى ھىندى — ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ ئىران تىل گۇرۇپپىسى (شەرق تىللىرى) تارمىقىغا كىرىدۇ. بۇ تىلدا 37 تاۋۇش بولۇپ، ئۆزىگە خاس گراماتىكىلىق قائىدىگە ئىگە. ھازىر بۇ تىل «سېرىقۇل تىلى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە سېرىقۇل تاجىكلىرىنىڭ بىر قىسىم مىرزىلىرى دۇنياۋى تاجىك يېزىقىنى (پارس يېزىقى ئاساسىدىكى يېزىقنى) ئارىلاپ قوللىنىپ كەلگەن. 1935 - يىلى سېرىقۇل تەكشىلىكىدىكى بۇرۇنقى



پورى ناھىيىسىنىڭ مەركىزى تاشقورغان شەھىرىدە باشلانغۇچ پەننىي مەكتەپ قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچىلىك ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆزلەشتۈرۈپ (ئۇيغۇر يېزىقىدا تاجىكچە يېزىپ) يېڭى يېزىق مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. ئېلىمىزدىكى يېڭى سوتسىيالىستىك تاجىك مىللىتى ئەنە شۇ «سېرىقىقول تاجىكلىرى» نى تۈپ گەۋدە قىلغان بولۇپ، تارىختىن بۇيان تاكى ئازاد بولۇپ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلغانغا قەدەر پورى ناھىيىسى نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن بۇ كەڭ زېمىندا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. 1983 - يىلىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ نوپۇسى 20 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، بۇلار چارۋىچىلىقنى مەركەز قىلىپ ۋە باشقا كەسىپلەر بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللانماقتا. بۇلارنىڭ مەركىزىي شەھىرى — ھازىرقى تاشقورغان شەھىرىدۇر.

ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ يەنە بىر چوڭ قەبىلىسى — «ۋاخان تاجىكلىرى» قەبىلىسىدۇر. بۇ قەبىلىنىڭ ئەجدادلىرى تارىختا ئافغانىستاننىڭ شىنجاڭ بىلەن چېگرىلىنىدىغان ۋاخان ئۆلكىسىنى (ھىندى قۇش تاغ ئېتەكلىرىنى) مەركەز قىلىپ ياشاپ، ئاتا - بوۋىلىرى شۇ يەردىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن يەنىلا تارىختىكى كونا يەر نامى بىلەن ئۆزلىرىنى «ۋاخانىلار»، يەنى «ۋاخان تاجىكلىرى» دەپ ئاتاپ كەلگەن. بۇلارنىڭ بۇرۇنقى تىلى ئافغانىستاندىكى دارى تىلى بىلەن پۈشتۇ تىلىنىڭ ئارىلاشما (شالغۇت) شېۋىسىگە يېقىنراق كەلگەن ۋاخان تىل شېۋىسىدۇر. بۇلارمۇ 1930 - يىللىرىدىن كېيىن شىنجاڭدا باشلانغۇچ پەننىي مەكتەپ ئومۇملاشتۇرۇلۇشقا باشلىغان چاغلاردا ئۇيغۇر يېزىقىنى قوبۇل قىلىپ، بارا - بارا ئۇيغۇر تىلىنىمۇ ئۆزلەشتۈرۈپ (ئىچكى تۇرمۇشتا ۋاخان شېۋىسىنىمۇ قوللىنىپ)، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە ئۆزلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك يېڭى مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈپ كەلمەكتە. بۇلار ئاساسەن پامىر، كۇئېنلۇن، تەڭرى تاغلىرىنىڭ باش ئېتەكلىرىدىن باشلانغان زەرەپشان (يەكەن)، خالاستان (قاغىلىق)، پورى (سېرىقىقول)، گەس (گەز)، سانجۇ (گۇما) قاتارلىق دەريا - ئېقىنلارنىڭ تارىم ۋادىسىغا قاراپ ئاققان كەڭ ئېدىرلىق تاغ رايونلىرىدا، قاغىلىق، پوسكام، يەكەن، ئاقتۇ، گۇما ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىدىكى نۇرغۇن جايلاردا تارقاق ئولتۇراقلاشقان. بۇلارنىڭ بىر قەدەر كۆپرەك جايلاشقان يەرلىرى پوسكام ۋە يەكەننىڭ غەربىي رايونلىرىدۇر. ئازادلىقتىن كېيىن، يەكەن قاتارلىق جايلاردا ئۇلارنىڭ ئاپتونوم يېزىلىرى قۇرۇلغان. دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىپ، باشقا كەسىپلەر بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللىنىدۇ. يېقىنقى سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭمۇ نوپۇسى 10 مىڭ ئەتراپىغا كۆپەيگەن. بۇلاردىن باشقا شىنجاڭنىڭ ھەممە يەرلىرىدە تارقاق ياشاۋاتقان تاجىكلارمۇ ئاز ئەمەس. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدىن بۇرۇنقى كونا جۇڭگودا بۇ ئىككى قەبىلىنىڭ ئۆز ئارا تىل جەھەتتىكى پەرقلىرى (بۇ قەبىلە كىشىلىرىنىڭ تەرجىمانسىز سۆزلىشەلمەيدىغانلىقى)، تۇرمۇش جەھەتتىكى بەزى ئوخشاشماسلىقلىرى، تارقاق ماكانلاشقانلىقى ۋە باشقا ئويدۇرما سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇلار بىر مىللەت سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنماي، پەقەت «تاجىك» نامى بىلەنلا ئاتىلىپ كەلگەن.

ئازادلىقتىن كېيىنلا پارتىيىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنىڭ شانلىق نۇرىدا پامىر رايونىنى بىر پۈتۈن تېررىتورىيە بىرلىكى، مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە تۇرغان ئېتنوگرافىك خۇسۇسىيەت بىرلىكى، تارىخىي بىرلىك ۋە باشقا ئوخشاشلىقلار ئاساسىدا سوتسىيالىستىك تاجىك مىللىتى تولۇق بىر مىللەت دەپ ئېتىراپ قىلىنىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالدى.

ئۇيغۇر كىتابلىرى www.uyghurkitap.com

# ئۆرپ - ئادەتلىرى

تاجىكلار بىر قانچە ئەۋلاد بىر ئائىلىدە ئايرىلماي بىللە ياشايدۇ. بالا - چاقىلىق بولۇپ كەتكەن ئوغۇللار ئاتا - ئانىلىرى هاياتلا بولىدىكەن، ئۆي ئايرىپ چىقىپ كېتىشنى ئار - نومۇس بىلىدۇ. ئاتا - ئانىسىنى مەڭگۈ هۆرمەتلەش، بېقىش، رازى قىلىش — ئۇلارنىڭ ئادەت قانۇنى. بۇ ئادەتتىن چەتنەش تاجىك نەسلى ئۈچۈن هاقارەتتۇر. ئائىلىنىڭ پۈتۈن ئىشلىرى ئائىلە چوڭلىرىنىڭ رازىلىقىسىز ئۆتەلمەسلىكى كېرەك. ئائىلە ئەزالىرىنىڭ هەممىسى تۇرمۇشنىڭ بارلىق تەرەپلىرىدە سېنىڭ - مېنىڭ قىلماستىن ئائىلە باشلىقىنىڭ ئادىل ئىنسابىغا بېقىنىدۇ.

بۇ شەرتسىز بېسىم خاراكتېرىنى ئەمەس، مېهرى دەريا ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۆز باغرىلىرى ئۈچۈن سەممىي شاپائەت خاراكتېرىنى ئالغان. «ئاتا رازى، ئانا رازى — ياراتقان ئول خۇدا رازى» دېگەن بۇ ئۇقۇم ئۇلاردا بۇزۇلماس ئەخلاقىي تەلەپتۇر. نوقانچىلىق، يۈرتسىزلىق، قاغىش قېپىلىق، ئەخلاقسىزلىق، بۇزۇقلۇق تاجىك جامائەتچىلىكى ئۈچۈن ئەڭ يامان قىلىقتۇر. ئۆز - ئارا ئارازلىشىش، ئاداۋەت، غەيۋەت، سۇخەنچىلىك جامائەتنىڭ نەزەرىدە ئەڭ يامان هادىسە هېسابلىنىپ، مۇرەسسە، تەكلىپ، نەسىهەتشەكىللىرى بىلەن تۈگىتىلىدۇ. كىشىلەر ئالەمدە تېخى هەل بولماي كېلىۋاتقان ئۆگەيلىك هادىسىلىرى بىلەن قېيىنئانا - كېلىن ئوتتۇرىسىدىكى ئاغرىنىش ۋە ئىشەنچسىزلىكلەر تاجىك جەمئىيىتىدە كۆرۈنمەيدۇ ياكى بەكمۇ شالاڭدۇر. چوڭلارنىڭ نەسىهىتى، تەڭتۇشلارنىڭ مەسلىهىتى تاجىك كىشىلىرى ئۈچۈن رەد قىلغۇسىز ياردەم هېسابلىنىدۇ. «ئۆزىنى ئۆزى سورىغۇچىلارغا قازى بىهاجەت» بۇ تەلەپ ئۇلارنىڭ مۇرەسسەسىز مىزانى.

تاجىكلار — ئەتراپى دەل - دەرەخلەر بىلەن ئورالغان هويلىلىق ئىمارەتلەردە ئولتۇرىدۇ. بۇ ئىمارەتلەر ئايۋان، پېشايۋان، دالانلارغا بۆلۈنگەن، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى گۈمبەز شەكىللىك ئۆيلەر مۇسۇلمان ئادىتى بويىچە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ياش قۇرامى، جىنسىي پەرقى، بالاغەتى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ، خانىلارغا ئاجرىتىلغان. قاق ئوتتۇرىغا تۈگۈلۈككە توغرىلاپ مورا چىقىرىلغان سۇپىلىق ئۆيلەرنىڭ ئەڭ تۆرى ئائىلىنىڭ ئەڭ چوڭ پېشۋاسىغا مەنسۇپ بولۇپ، هەر قانداق چوڭ مېهمان هەرقانداق چاغدىمۇ ئۇ كىشىنىڭ سول قولىنى بېسىپ تۆر ئالىدۇ. تۆرنىڭ يەنە بىر بېشى ئائىلىنىڭ ئەڭ چوڭ ئانىسىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئائىلە ئەزالىرى ياكى مېهمانلار ئەنە شۇ ئىككى تۆردىن قاتار ئورۇن تۇتۇپ ئولتۇرۇپ، يوملاق داستىخان چۆرىسىنى هاسىل قىلىدۇ. بۇ هالەتنى تاجىك رىۋايەتلىرىدىكى «ئىككى قولنى چەمبىرەك شەكلىدە كېرىپ، باغرىدا بالىلىرىنى ئېمىتىۋاتقان مېهرىبان پەرىزاتنىڭ خاسىيەتلىك داستىخىنى»غا ئوخشىتىش مۇمكىن. چاي هەر بىر مېهماننىڭ ئۆز قولىغا بىر - بىرلەپ تۇتۇلىدۇ. ئائىلە چوڭى بىلەن ئەڭ چوڭ مېهمان تائامغا دۇئا قىلىپ، قول ئۇزاتقاندىن كېيىن قالغانلار ئىلتىپات قىلىشىدۇ. مېهمان ئىشىك ئالدىدا! كۈتۈپ ئېلىنىدۇ، ئۇزىتىلىدۇ. «خۇش كېلىپسىز مېهمان» — بۇ ئۇلارنىڭ تەكەللۇپ سۆزى.

تاجىك ئۆيلىرى ناهايىتى رەتلىك، ئىخچام، پاكىزە تۇتۇلىدۇ هەم يىغىشتۇرۇلىدۇ. تاجىكلار ئات گۆشى يېمەيدۇ. دۇنيادا ئاتنى هەممىدىن بۇرۇن قولغا كۆندۈرگەن مىللەتلەرنىڭ بىرى بولغان تاجىكلار ئاتنى ئەڭ ئەزىز هايۋان هېسابلاپ بېقىپ، ئۆستۈرۈپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى «جەڭگە يارىتىلغان، ئىنساننىڭ مېهرىبان قانىتى، جەڭلەردىكى ۋاپادار هەمراهى، هەزرىتى ئەلىنىڭ دۇلدۇلى... » دەپ قاراپ، يۇقىرىقى ئادەتنى مۇستەهكەم دىنىي ئېتىقاد سۈپىتىدە داۋاملاشتۇرغان. تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي تامىقى ئىسلام دىنىدا هالال هېسابلانغان مال، قۇش گۆشلىرى — قوتاز، كالا، قوي، ئۆچكە، كىيىك، كۆكمەت (ئارقار)، ئۇلا،

كەكلىك، قىرغاۋۇل گۆشلىرى ھەم ھەر خىل ئۈن، كۆرۈچتىن تەييارلىنىدۇ، يەر تونۇردا پىشۇرۇلغان نان، كۆمەچ ۋە ياپما كۆمەچلەر، تالقان، قوماچ، ئىسسىق نان بىلەن ياغدىن تەييارلانغان يەجەن، سۈت، ياغدىن تەييارلانغان ياغ پوشكىلى — چوختەك، مايلىق توقاچ، قۇيماقلاردىن ئىبارەت، تاجىك ئاياللىرى گۆش - يېغى جىق، سەۋزە، پىيازسىز، قورۇلمىغان تاجىك پولورىنى، گۆشتىن باشقا توغرامچىسى يوق ئۈگرە، چۆپلەرنى، ھالۋا، بۆلماق (ياغ قۇيۇپ يەيدىغان زاڭ) نى ئىنتايىن مېزىلىك ئېتىدۇ، قورۇپ تاماق ئېتىش، سەي قورۇش ئادەت ئەمەس. گۆلنەپشە، تۈرلۈك تاغ چايلىرى، قاراچاي ئۇلاردا سۈتلۈك، ياخشى دەملىنىدۇ. سۈتتىن ياسالغان قۇرۇت، ئىجگەي (تاتلىق قۇرۇت)، سۈزمە قېتىق، ئەگدەك (ئىردەمچىك)، قايماق، سېرىق ماي ...لار ئۇلارنىڭ قوشۇمچە ئوزۇقى. تاماق قول بىلەن يېيىلىپ، قوشۇقتا ئىچىلىدۇ، تۈرلۈك كۆكتات، ئاچچىقسۇ، لازا - مۇچ ھاجەتسىز، چۆكا تۇتۇش ئادەت قىلىنمىغان.

ئۆز ئارا بىر - بىرىنىڭ قوللىرىنى سۆيۈپ كۆرۈشۈش تاجىك ئەرلىرىنىڭ، بىر - بىرىنىڭ لېۋىگە، يۈزىگە سۆيۈپ كۆرۈشۈش تاجىك ئاياللىرىنىڭ يوسۇنى. ئەڭ قەدىردان كىشىلەر ئارىسىدا قولىغا سۆيۈپ ھەم قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىدىغان ئادەتمۇ بار، بۇ ئۆز ئارا مېھرىبانلىقنىڭ، سېغىنىشنىڭ بەلگىسىدۇر، تاجىك ئەمەس مېھمانلارغا بۇ ئادەت ھاجەتسىز. يالاڭباش، يالىڭاياغ يۈرۈش ئۇلاردا مەنئى قىلىنغان ئادەت. خوتۇن-قىزلار باش كىيىملىرىنىڭ ئۈستىگە جەينەكلىرى بىلەن قوشۇپ ئاق لېچەك ئارتىدۇ. بۇنداق لېچەكلەر ئاق داكىدىن تەييارلىنىدۇ. خوتۇن - قىزلارنىڭ دوپپىلىرىنىڭ گىرۋەكلىرىگە مەزەنگۇ، سەدەپ، مەرۋايىت ۋە تۈرلۈك ئۈنچە - مارجان، مۇنچاقلار قادالغان بولۇپ، كۆركەم، چىرايلىق تىكىلگەن. بويىغا يەتكەن قىزلارنىڭ دوپپىلىرىغا بولسا تولاراق مەخسۇس ئۈنچە - مارجانلىق ئوتۇغات ۋە گۈزەل قۇش پەيلىرى قاداپ قويۇلغان، چىرايلىق تاجدار كېنىزەكلەر تەقلىدىدە جابدۇلغان. تېرىدىن ياكى يۇڭ يىپتىن تىكىلگەن سىردما، چوڭقۇر، گۈمبەز تالالىق تۇماقلار ئۇلارنىڭ قىشلىق باش كىيىمى، ئەر - ئاياللارنىڭ باش كىيىملىرى ئالاھىدە پەرقلىق تەييارلانغان. كاداڭشىغان ئاياللار كولتا(قازاقچە كەپېژە) كىيىۋالىدۇ. تاجىك خوتۇن - قىزلىرى كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ ياقا، ئارقا بەل، جىيەك ۋە گىرۋەكلىرىگە ھەر تۈرلۈك ئېبىل مارجان، سەدەپ، پىرازى، كۈمۈشلەرنى ئۈچ-تۆت تىزىق قىلىپ چىرايلىق قاداپ ياكى ئېسىۋالىدۇ. قىز - چوكانلار ھەتتا بۇنداق بېزەكلەرنى چاچلىرىغىمۇ قادىۋېلىشقان، قۇلاقلىرىغا ھالقا، زىرە، قوللىرىغا يۈزلۈك (ئۈزۈك)، بىلەيزۈك سېلىش ئومۇمىي ئادەت، بۇنداق بۇيۇملار ئەڭ قىممەتلىك مەدەنلەردىن ياسالغان. كىيىم - كېچەك، بارلىق ئۆي جاھازىلىرى، ئات - ئۇلاق جابدۇقلىرى نەقىشسىز ۋە كەشتىسىز بولمايدۇ، ئۆيلەرنىڭ ئىشىك - پەنجىرىلىرىمۇ نەقىشسىز ئەمەس، بۇلار گۈل - گىيا، گۈزەل مەنزىرە ۋە مىراسى خاتىرىلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن. كەشتىچىلىك، نەپىس قول ھۈنىرى، گۈزەل سەنئەت تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە، ھەممە كىشىلەردە مەنىۋى ئادەتتۇر. ئۇزۇن تون - پەشمەت، ئۇزۇن - قىسقا جۇۋىلار، كېپىنەك (جىيەك تۇتۇلغان كىگىز چاپان)، كۆڭلەك، ئىشتان — تاجىكلارنىڭ تارىخىي كىيىم - كېچەكلىرىدۇر. كىيىم - كېچەكلەر ئاساسەن سېرىق، كۆك، قېنىق كۆك رەختلەردىن تىكىلىدۇ. كالتە كىيىم - كېچەكلەر پەقەت كېيىنكى چاغلاردىلا سىڭىپ كىرگەن.

تاجىك تويى ئىنتايىن تەنتەنىلىك ئۆتىدۇ. توي ئاتا - ئانىلارنىڭ رازىلىقىسىز ئۆتمەسلىكى كېرەك. يىگىت سۆيگەن، قىز كۆيگەن، ئۆمۈر رىشتىسى بىر - بىرىگە مەھكەم باغلانغان قىز - يىگىت تويى — ئاتا - ئانىلارنىڭ مەڭگۈ رازىلىقى، غەمخورلۇقى بىلەن ئىككى ياشنىڭ ئۆمۈرلۈك غەلىبىسىدۇر. تاشنى ياغاچقا تېڭىش، يەنى نىكاھتىكى زورلاش ياكى پۇشايمانلىق ئاغرىنىشلار، نالايىق ئۆيلىنىشلەرنىڭ ھەممىسى تويىدىن بۇرۇن ئەستايىدىل ئويلاپ كۆرۈلگەن بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

زورلاپ قىلىنغان توي ئۇلاردا توي ئەمەس، كەلگۈسى ۋەيرانچىلىق دەپ قارالغان. شۇڭا تاجىكلاردا ھايات تۇرۇپ نىكاھتىن ئاجرىشىش ئادىتى يوق. تەڭ قېرىپ، تەڭ ئۆلۈش — ئۇلارنىڭ ئۆمۈرلۈك مۇرادى. خوتۇن يەڭگۈشلەش، ئەردىن چىقىش نومۇس ھېسابلىنىدۇ، توي قىلىش، قۇدىلىشىشتىن بۇرۇن بۇ مەسىلىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلىدۇ، ياش تۇرۇپ تۇل قېلىش ھادىسىلىرى ئاتا - ئانىلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا باغلىق بولۇپ، يېتىم نەۋرىلەرنى باشپاناسىز تاشلىۋېتىش ئېغىر گۇناھ ھېسابلىنىدۇ.

ياش - قېرى، چوڭ - كىچىك بارلىق كىشىلەر ھەرقانداق تويغا ئۆزلۈكىدىن ئۆزۈرسىز بىغىلىدۇ. توي چىقىمىنىڭ ئاز - كۆپ بولۇشىدىن ۋە، مېھمانلارنى ياخشى ئۇزىتىش، كۈتۈش ۋيغەلىبىسىنىڭ تۇپ كاپالىتى. نەغمىسىز توي .اجىكلاردا مەڭگۈ بولۇپ باققان ئەمەس. قىز كۆچۈرۈلگەندە يىگىتنىڭ بارلىق دوستلىرى، كېيو قولداشلىرى يىگىتنى ئوردۋېلىپ، قوتاز ياكى ئاتقا مىنگۈزۈپ، قىزنىڭ ئۆيىگە داغدۇغا بىلەن ئېلىپ بارىدۇ. قىز تەرەپمۇ قىزنى ئالدىراپ چىقىرىپ بەرمەيدۇ - دە، يىگىتنىڭ ئەقلىنى قىيىن سوئال، ئەقلىي سۆزلەر ۋە چىڭ ۋەدىلەرنىڭ جاۋابى بىلەن سىنايدۇ. يىگىت ئېھتىرام بىلەن بىر - بىرلەپ جاۋاب بېرىدۇ. تۈرلۈك يوسۇنلاردىن كېيىن، يىگىت چوڭلارنىڭ قولىغا ئامراقلىق بىلەن سۆيۈپ، قىز - يىگىت كۆلكە، بارىكاللا سادالىرى ئىچىدە ئۇزىتىلىدۇ. قىز مەھەللە ياشلىرىغا خۇشلىشىش چاچقۇسىنى چاچقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئاق يول ۋە مەڭگۈ بەخت تىلەپ قىز - يىگىتكە بەرگەن ئالقىشلىرىنى ئېلىپ مەھەللىدىن ئۇزايدۇ. تاجىكلاردا تويىنىڭ تۈرى ئاز ئەمەس. بۇلار — قىز - ئوغۇل تويلىرى، قىزلار ئۈچۈن سۈننەت ھېسابلانغان يۈز ئاچقۇ تويى (چىللاتقۇ)، چوكان تويى (چاچباغ توي)، جۇۋان تويى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت، بۇلار مەزمۇن ۋە خاراكتېر جەھەتتىن بىر - بىرىدىن ئالاھىدە پەرقلەندۇرۇلگەن. كۆز تۇمارى، رەدنامە (ئايەت) تۇمارى، دۇئا، يادنامە تۇمارلىرىنى بوييۇنلىرىغا، قولتۇقلىرىغا، چاچلىرىغا ئېسىۋېلىش ئۇلارنىڭ نەزەرىدە كۆز تەگمەسلىك، جىن - شەيتانلارنىڭ ئەسىر قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن دەپ قارايدۇ. قۇربان ھېيت، روزى ھېيت، باراۋەت ئۇلارنىڭ دىنىي ۋە مىللىي بايرىمى، بۇ بايراملاردا ھېيتلاپ بارسىڭىز، ئۇلار قارشى ئېلىپ، مۈرىڭىزدىن ئۇن سېپىپ قويىدۇ.

كەكلىك قاش، كىيىك كۆز، قاڭشالىق، ئاق سېرىق كەلگەن تاجىك خەلقى ئارىسىدىن لامزەللە، لايغەزەل، تەرسا، تەلۋىلەرنى تېپىش تەسرەك. ئەدەبسىز، كەپسىز، ناخشا - قوشاق، ساز - ئۇسسۇل بىلمەيدىغان سولاش تاجىك ھەر قاچان مەسخىرە ئوبيېكتىدۇر.

مەسئۇل مۇھەررىرى: قۇربان مامۇت

## ياپونلارنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى

ياپونلار جامائەت سورۇنلىرىنىڭ تەرتىپىنى ساقلاش، ئۆزئارا يول قويۇشقا ئادەتلەنگەن، شۇڭا جامائەت مەيدانلىرى قىستاقىستاڭ بولسىمۇ، لېكىن قالايمىقان، پاسكىنا ئەمەس. شەھەر كوچىلىرىدا ئاپتوموبىللار ناھايىتى كۆپ، لېكىن قاتناش تەرتىپى ياخشى. شوپۇرلار ئاپتوموبىلنى ئەدەپلىك ھەيدەيدۇ. پىيادىلەر قاتناش تەرتىپىگە قاتتىق رىئايە قىلىدۇ.

ياپونىيەدە، بىر ئائىلە كىشىلىرى دائىم بىللە ئولتۇرسىمۇ، لېكىن ئۇخلاش ئالدىدا ۋە ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن، تاماق يېيىش ئالدىدا ۋە تاماقتىن كېيىن ئۆزئارا ھال-ئەھۋال سورىشىدۇ.

ياپونىيە مەكتەپلىرىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەدەپ- ئەخلاق تەربىيىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. يۇقىرى يىللىق سىنىپلاردا ئەدەب - ئەخلاق دەرسى ئۆتۈلىدۇ. شۇڭا ياپونىيە ئۆسمۈرلىرى ئەدەپلىك، قائىدىلىك كېلىدۇ. ھەتتا سەككىز- توققۇز ياشلاردىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ ھەر قېتىم ئاپتوبۇسقا چىققان ۋە ئاپتوبۇستىن چۈشكەندە شوپۇرلارغا رەھمەت ئېيتىدۇ.

ياپونىيەدە مائارىپسەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى تىل پاكلىقىنى ئومۇملاشتۇرغان. ئادەتتە ياپونلار ئارىسىدا ئەخلاقسىز، سەت تىللارنى ئاڭلىغىلى بولمايدۇ. ئۇلار باشلىقلىرىغا، چوڭلارغا ۋە مېھمانلارغا ئەدەبلىك تۇرۇپ گەپ قىلىدۇ.

# قوش مەسچىد

## (ھېكايە)

مەھەممەدئېلى زۇنۇن

1

بوۋا، مۆھتەرەم بوۋا، سەن ئېيتىپ بەرگەن چۆچەك-رىۋايەتلەر نەقەدەر ئاجايىپ - غارايىپ ۋە قىزىقارلىق ئىدى-ھە؟ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە يېتىپ بارالايدىغان ئۇچار گىلەم، ئۇچار دۇلدۇللار، خاسىيەتلىك جاھاننەما ئەينەكلەر، «ئېچىلىڭ داستىخىنىم» دەپ بولغىچە تۈرلۈك-تۈمەن نازۇ - نېمەتلەرگە تولۇپ تۇرىدىغان خىسلەتلىك داستىخانلار، بەدنىيەتلەرنىڭ جېنىنى ئېلىپ جاڭگالدا قويىدىغان سىرلىق توقماقلار... بوۋا بىر كەچقۇرۇنلۇقى ماڭا مۇنداق بىر چۆچەك ئېيتىپ بەرگەنىدىڭ:

ئىشقى سەۋداسىغا مۇپتىلا بولغان ئارزۇلۇق شاھزادە ۋىسال يولىغا راۋان بولۇپتۇ. گىيا ئۈنمەس چۆل، قۇش قونماس تاغلاردىن ئۆتۈپتۇ. قاراقچىلارغا ئۇچراپ، ئەسلى-ۋەسلىدىن ئايرىلىپتۇ. ئاخىرى بىگانە بىر مەملىكەتنىڭ مەركىزي شەھىرى ئەتراپىدا ئوتۇنچىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ. ئادەم گۆشىدە كاۋاپ پىشۇرۇپ ساتىدىغان كاۋاپچىنىڭ قاپقىنىغا دەسسەپ، ئۇنىڭ يوشۇرۇن زىندانىغا چۈشۈپ قاپتۇ. قارىسا، نەچچە ئونلىغان شور پېشانە يىگىتلەر ئىڭراپ ياتقىدەك. ئايپالتىلىق بەدھەيۋەت جاللاتلار كىرگەن ھامان «مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز، مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز» دەپ بىر-بىرىنى ئىتتىرىۋاتقىدەك. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئورۇقمۇ، سېمىزمۇ تۈگەپ كېتىۋاتقىدەك...»

قىزىقىپ ئاڭلىغىنىم، جاۋابسىز سوئال، تەشۋىشلىك خىياللار تورى ئىچىدە ئۇخلاپ قالغىنىم ھېلىمۇ ئېسىمدە. چۈش كۆرۈپتىمەن: ئەشۇ قورقۇنۇچلۇق قاراڭغۇ زىنداندا تۇرغىدەكمەن. ئايپالتا كۆتەرگەن بەدھەيۋەت جاللاتلار كىرىپ: «سېمىزلىرىڭ بۇ ياققا ئۆتۈش!» دەپ ۋارقىرىغىدەك. ئېچىرقاپ كەتكەن چىلبۆرە كىرىۋالغان چوڭ قوتاندىكى قوي پادىسىدەك بىچارە ھالغا چۈشكەن بىئەقىل تۇتقۇنلار «مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز» دەپ بىر-بىرىنى ئىتتىرىشىۋاتقىدەك. ئىتتەرگەنلەرمۇ، تىرەجگەنلەرمۇ بارا - بارا تۈگەپ، نۆۋەت ماڭا كەلگەنمىش. «سەن ھەممىدىن كىچىك ۋە ھەممىدىن ئورۇق بولساڭمۇ،—دەپ سۆرەۋاتقانمىش ئۇلار،—بىرقانچە يۈز زىق كاۋاپقا يارايسەن، يۈر!» تىرەجەپ تۇرۇۋالغىدەكمەن، ئۇلار سۆرىيەلمىگىدەك. ئاخىرى ئۇلار: «بوپتۇ، مۇشۇ يەردىلا جېنىنى ئالايلى!» دەپ ئايپالتىنى ئېگىز كۆتەرگىدەك...

— بوۋا!...— بوينۇڭنى شۇنداق قۇچاقلىۋاپتىمەنكى، تىنالماي قاپسەن.

— بالام، نېمە بولدۇڭ؟ مەن بار، قورقما!— دېدىڭ ئىسسىق باغرىڭغا مەھكەم بېسىپ.

ئېغىز-بۇرۇنلىرىمنى قورقاق بېسىپ كەتتى.

نەچچە كۈنلەرگىچە قىزىتىپ جۆيلۈپ چىقتىم. بۇ چۆچەك بىلەن چۈش زادىلا ئېسىمدىن چىقمىدى. ئۆسمۈرلۈك دەۋرىگە يەتكەندە كۆپرەك ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم: «مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز» دەپ بىر-بىرىنى ئەجەل گىردابىغا ئىتتىرىدىغانلار ئەينى زامانلاردىلا بولۇپ ئۆتكەنمۇ؟ هازىر تۈگەپ كەتتىمۇ؟ بىزنىڭ كوچىدا يوقمۇ؟...

مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن كوچامغا نەزەر سالاتتىم.

## 2

كوچىمىز — ئوغاقسىمان ئاي شەكىللىك خالتا كوچا. هازىر «قوش مەسچىد» دېمىسە هېچكىم بىلمەيدىغان بۇ كوچىمىزنىڭ ئەسلى نامى «ئاي كوچا» ئىكەن. شۇنداقمۇ، بوۋا؟

ئون توققۇز جۈپ دەرۋازا بىر-بىرىگە قارىشىپ تۇرىدىغان بۇ خالتا كوچىمىزدا كۆلىمى، قۇرۇلۇش نۇسخىسى، مۇنار-گۈمبەزلىرىنىڭ ئېگىزلىكىدىن تارتىپ، ئىچكى-تاشقى نەقىشلىرىدىچە ئوپمۇئوخشاش ئىككى مەسچىد بار. سىرىدىن تارتىپ، پېرامىداسىمان قالپاقلىق مىقلىرىغىچە تامامەن ئوخشايدىغان ئىككى دەرۋازىمۇ بىر-بىرىگە قارىشىپ تۇرىدۇ. ئىككى مەزىن بىرلا ۋاقىتتا ئەزان ئېيتىدۇ. قارىمۇقارشى ئىككى دەرۋازىدىن تەڭ چىققان ئىككى مۇسۇلمان بىر-بىرىگە سالام بېرىشمەيدۇ، تىنچ-ئامانلىق سوراشمايدۇ. ئوڭ ياقتىن چىققىنى ئوڭ ياقتىكى، سول ياقتىن چىققىنى سول ياقتىكى مەسچىدكە راۋان بولىدۇ. هېيت-ئايەم كۈنلىرى ئىككى ياقنىڭ جامائىتى ئىككى توپ بولۇپ، چوڭ جامەگە قاراپ ماڭىدۇ. بىر-بىرىنىڭكىگە هېيتلىمايدۇ. قۇدا-باجا بولۇشمايدۇ. بۇ تەرەپتىكىلەر مېيىت ئۇزىتىۋاتسا، ئۇ تەرەپتىكىلەر توي نەغمىسى چېلىۋېرىدۇ. ئىككى ياقتىكى باللارنىڭ ئۆزئارا دوست-ئاداش بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ. بۇ تەرەپتىكى باللارنىڭ لەگلىكى ئۇ تەرەپ بوشلۇقىدا پەيدا بولغان هامان شۇ تەرەپ باللىرىنىڭ تاش-چالمىلىرى زەربىسىدىن هۆتمە-تۆشۈك بولماي قالمايدۇ. ئۇ تەرەپتىكى كەپتەرۋازلار بۇ تەرەپتىكىلەرنىڭ كەپتەرلىرىنى تۇتۇۋالغان هامان قانات-قۇيرۇقلىرىنى يۇلۇپ، يۇڭداپ ئاسمانغا ئاتىدۇ. بۇياقتىن-ئۇياققا ئۆتۈپ قالغان خوراز-مېكيانلارنىڭ هەرقاندىقى ئۆز كاتىكىگە قايتىپ كېتەلمەيدۇ. باشقا كوچىلارنىڭ ئۈستىگە قانچىلىغان كۆتەرمە ئۆيلەر سېلىنغان. بىزنىڭكىدە بىرسىمۇ يوق. ئىككى تەرەپ ئىناق بولمىسا، بىر-بىرىگە يول قويمىسا، كۆتەرمە ئۆي سالغىلى بولمايدىكەن. شۇنداقمۇ بوۋا؟

ئىككى تەرەپتىكى خوتۇن خەقلەر ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمى قارشى تەرەپ خوتۇنلىرىنىڭ غەيۋەت-شىكايىتىنى قىلىش بىلەن ئۆتىدۇ. كىر سۈيى، يۇندىلار قارشى تەرەپتىكىلەرنىڭ بوسۇغا، تام تۈۋىلىرىگە تۆكۈلىدۇ. كىر سۇلىرى قۇرۇپ ياكى توڭلاپ كېتىدۇكى، جېدەل-ماجرا قۇرۇمايدۇ، توڭلىمايدۇ.

ئاڭلىسام ئىككى ياقتىكىلەرنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان تارتقان دەرد-مۇشەققەت، ئازاب-كۈلپەتلىرىمۇ بىر-بىرىنىڭكىدىن قېلىشمايدىكەن. «تۆڭگان يېغىلىقى» ۋاقتىدا باشقا كوچىلارنىڭ هەممىسىگە مۇستەهكەم دەرۋازىلار بېكىتىلىپتۇ. بىزنىڭ كوچىدىكى ئىككى تەرەپ پۈتۈشەلمەپتۇ، بىر دەرۋازىدىن كىرىپ-چىقىشنى راۋا كۆرمەپتۇ. قوراللىق چېرىكلەر توسالغۇسىز بېسىپ كىرىۋېرىپتۇ. بۇلايدىغاننى بۇلاپ، بۇلغايدىغاننى بۇلغاۋېرىپتۇ. ئىككى تەرەپ ئاچچىق ساۋاق ئالماپتۇ. پۇشايمان قىلماپتۇ. شېڭشىسەي، گومىنداڭ هۆكۈمرانلىق قىلغان زامانلاردا بىر-بىرىنى چېقىشىۋېرىپتۇ، تۇتۇپ بېرىشىۋېرىپتۇ. نەتىجىدە هەر ئىككى تەرەپتىن هەپسىگە ئېلىنغان، قەتلى قىلىنغانلار تەڭ نىسبەتتە دېگۈدەك بولۇپتۇ. مانا هازىر «ئۆچكە، بەشكە قارشى هەرىكەت» ۋاقتى. ئۇلار بىر-بىرىنى غەزەب بىلەن سۆكۈشمەكتە، پاش قىلىشماقتا:

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

— ئۇ— ئوغرى!

— ئۇ — ئۆزى تويىمىغۇ، كۆزى تويمايدى-
غان ئەڭ چولڭ باج ئوغرىسى!

— ئۇ— يىرتقۇچ يولۋاس!

— ئۇ — ئەشەددى يولۋاس!

گويا ئۇلار بىر-بىرىنى ئىتتىرىشمەكتە!

— مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز!...

سەبرى-تاقەت قىلالمىدىم، بەرداشلىق بې -
رەلمىدىم. ئاخىرى ساڭا مۇراجىئەت قىلدىم:

— بوۋا، ئوبدان بوۋا، كوچا-مەھەللىمىز-
نىڭ بىر ئەسىرلىك تارىخى ساڭا بەش قول -
دەك ئايان. ئېيتقىنا، كوچىمىزدىكىلەر ئەزەل -
دىن مۇشۇنداق نائىناقمىدى؟ نەچچە يىل ئال -
دىدا سورىسامغۇ، سەن تېخى كىچىك، تېگى -
تەكتىگە يېتەلمەيسەن دېدىڭ. چوپچوڭلا
يىگىت بولۇپ قالدىمغۇ مانا. ئەمدىغۇ ئېيتىپ
بېرەرسەن؟ بوۋا، نېمانچە خىيالغا چۆكۈپ كې-
تىدىغانسەن؟ مۇنچە تەقەززا قىلمىغىنا!

—ماقۇل، بالام،—دېدىڭ لەۋزىڭنى يەردە قويـ-
ماي،—هازىر سەن كىچىك بالا ئەمەس، ئوتتۇرا
مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، ئاق-قارىنى پەرق ئېتە-
لەيسەن، گەپ-سۆزۈمنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتە-
لەيسەن، زېھنىڭ بىلەن ئاڭلا، سۆزلەپ بېرەي.

3

دۇرۇس، كوچىمىزنىڭ ئەسلى نامى «ئاي
كوچا» ئىدى، ئايدەك يورۇق، ئىللىق كوچا
ئىدى. قان-قېرىنداشلىق مۇھەببىتى تاش-كې -
سەك، تام-تورۇسلىرىغىچە سىڭىپ كەتكەن ئىناق
كوچا ئىدى؛ زوھۇرىدىن هاكىمبەگدەك كاتتا
زاتنىڭ ئىزى، موللا سادىق ئەئلەم ئاخۇنۇم،
ئابدۇرەھىم نازارى قاتارلىق بىر-ئۇستازلارنىڭ
نەزەرى چۈشكەن خىسلەتلىك كوچا ئىدى! يا-
سىن داموللا هاجىم هەزرەتلىرى ئاخىرەتكە
سەپەر قىلغاندىن كېيىن (ياتقان يېرى جەننەت-
تىن بولغاي، ئىلاها ئامىن) ئارىمىز بۇزۇلدى،
بىر مەسچىد ئىككى بولدى، «ئاي كوچا» دېگەن
تەۋەرۈك نام «قوش مەسچىد»كە ئۆزگەردى.

ئاغرىق-ئاداۋەت، بالايى - قازا باشلاندى!

مەرھۇم ئىمامىمىز ياسىن داموللا هاجىم
هەزرەتلىرى ئاتاق-ئابرويلۇق مەرىپەتپەرۋەر
زات ئىدى. پۇل-مال، ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنىڭ-
مۇ هەددى - هېسابى يوق ئىدى. ھەپتىدە ئالتە كۈ-
نىگىچە بىر جۈپ قوشكېزەك ئوغۇل ئاتا قىلغان.
چوڭىنىڭ ئىسمى هەسەن، كىچىكىنىڭ ھۈسەيىن
ئىدى. بوي-ئىسكەت، رەڭ-چىراي، خۇلق-مىجەز
جەھەتتىمۇ ئايرىۋالغۇسىز هالدا ئوخشاشلىقى
بىلەن ھەممىنى ھەيران قالدۇراتتى. ئۆگەندى،
بىلىم تاپتى، يۇرت كەزدى، سودىگەرچىلىكنىڭ
تىلىنى بىلدى، پۇل تاپتى. ئىمامىمىز ئۇشتۇم -
تۇت يېتىپ قالدى. ئوغۇللارنى خەت-خەۋەر ئە-
ۋەتىلدى. ھۈسەيىن يېقىنراق بىر شەھەردە تۇ -
رۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن بۇرۇنراق كەلگەنىدى، دەر-
هال تويىنى قىلىپ، ئاتىلىق قەرزىدىن خالاس
بولدى. ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئاكىسى ھە -
سەن قارىدىم كەلدى. ئىمامىمىز ئۇنىڭ تويىنى
قىلىپ قويغان كۈنىنىڭ ئەتىسى ناماز بامداتتىن
بۇرۇن ئاخىرەتكە سەپەر قىلدى. كوچىمىز ئاب -
رويلۇق ئىمامىدىن ئايرىلدى، ئاقىل، مېھرىبان،
دۇئاگۇي ئاتىسىدىن ئايرىلدى. بىز ئەھلى جا -
مائەت يارامىلىق بىر ئىمامغا مۇھتاج ئىدۇق.
مەرھۇم ئىمامىمىزنىڭ قوشكېزەك ئوغۇللىرىغا
تىكىلدۇق. ھەر ئىككىسى بىلىملىك، خۇشپېئىل،
ئەخلاق-پەزىلەتلىك ئەھلى سودىگەر يىگىتلەر
ئىدى. قايسىسىنى تاللاش كېرەك؟ قائىدە - يو-
سۇن بويىچە بىز ئاكىسىنى تاللىدۇق. شەرىئەت
مەھكىمىسىنىڭ تەستىق مۆھۈرىنىمۇ ئالدۇق.
ھەممىمىز خاتىرجەم بولدۇق، بۇرۇنقىدەكلا بىر
مەسچىدكە جەم بولدۇق.

خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن، بۇ قوشكېزەك -
لەرنىڭ رەپىقىلىرىمۇ قوشكېزەك ئاچا-سىڭىللار
ئىكەن. ئاچىسى ئالتۇن خېنىم بۇرۇن ياتلىق
قىلىنىپ ھۈسەيىن قارىنىڭ، سىڭلىسى تىللا
خېنىم كېيىن ياتلىق قىلىنىپ، ھەسەن قارى-
نىڭ نىكاھىغا ئۆتۈپتۇ. خوتۇنلىرىمىزنىڭ ئېيت-
تىشىغا قارىغاندا، ئۇلار چۆچەكلەردە تەسۋىر -

لىنىدىغان ھەرقانداق ساھىپجاماللاردىن گۈزەل، جەننەت ھۆرلىرىدىنمۇ چىرايلىق ئىكەن. ھۆسن-جامالدا كامالەتكە يەتكەن، باي، دۆلەتمەن قوشكېزەك يىگىتلەر بىلەن تەڭداشسىز گۈزەل قوشكېزەك پەرىزاتلار كوچىمىزنىڭ ئابرويى، شان-شەرىپى ئىدى. بىز ئۇلار بىلەن پەخىرلىنەتتۇق، ماختىناتتۇق. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ قان-قېرىنداش قوشكېزەكلەرگە كۆز تەگدى، كوچىمىزغا كۆز تەگدى! بىرلىك-ئىناقلىق ئاپتىپى بىلەن يورۇپ، ئىنسانىي مېھرى-مۇھەببەت ھارارىتى بىلەن ئىللىپ تۇرىدىغان «ئاي كوچا»مىز نائىناقلىق ئىس-تۈتەكلىرى ئاستىدا ئۆچ-ئاداۋەت جۇدۇنلىرى كېزىپ يۈرگەن قاراڭغۇ، سوغۇق «قوش مەسچىد كوچىسى»غا ئايلىنىپ قالدى!

ۋالىي، ھاكىم، بەگ قاتارلىق چوڭ ئەمەلدارلار، قازى ئاخۇنۇم، مۇدەررىس ئاخۇنۇم ئىنۋانلىق كاتتا زاتلار ياكى ئاتاقلىق بايلار بولمىغان مەھەللىلەردىكى توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم، نەزىر-چىراقلارنىڭ ھەممىسىدە شۇ مەھەللىنىڭ ئىمامىنى تۆرگە باشلاش ئاتام زامانىسىدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قائىدە-يوسۇن. بىزمۇ ھەسەن ئىمامنى تۆرگە باشلايتتۇق، ئىنىسى ھۈسەيىن قارىم ئۇنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالاتتى. خوتۇن خەقلەرنىڭ ئولتۇرۇشىدا ئەھۋال باشقىچە بولۇپتۇ. ئالتۇن خېنىم: «مەن ئاچا، سېنىڭ يۇقىرى تەرىپىڭدە ئولتۇرۇشۇم كېرەك» دېسە، تىللا خېنىم: «مەن ئاكىنىڭ رەپىقىسى، ئىمامنىڭ رەپىقىسى، ئۆينىڭ تۆرى مېنىڭ!» دەيدىكەن. بۇلارنىڭ تالاش-تارتىش، جېدەل-ماجىرالىرى تۈپەيلىدىن ھەرقانداق توي ھازىغا ئايلىنىدىغان بولدى. بىز-ئەھلى جامائەت ئاكا-ئۇكا قوشكېزەكلەرگە مۇراجىئەت قىلدۇق:

— ئىككى خېنىم ئوتتۇرىسىدىكى ئاغرىق-ئاداۋەتنىڭ ئاقىۋىتىدىن تەشۋىشلەنمەكتىمىز. قان-قېرىنداشلىق رىشتىنى يېڭىباشتىن تۇتاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئىناق، بىزنى خاتىرجەم قىلىشقايلا.

ئاڭلىساق، ئاكا-ئۇكىلار مۇنداق پۈتۈشۈپتۇ: «ئەر جامائەت سورۇنلىرىنىڭ ھەرقاندىقىدا يۇقىرى ئورۇن ئاكىغا، مەزلۇم خەقلەر سورۇنلىرىنىڭ ھەرقاندىقىدا يۇقىرى ئورۇن ئاچىغا مەنسۇپ!»

— مەن ئاكىنىڭ رەپىقىسى، ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ رەپىقىسى، — دەپ تەكرارلاپتۇ تىللا خېنىم، — يۇقىرى ئورۇن — مەرتىۋە مېنىڭ!

— مەن ئاچا، — دېگەن سۆزدە چىڭ تۇرۇپتۇ ئالتۇن خېنىم، — ئورنۇمنى تارتتۇرۇشقا ھەرگىز يول قويمايمەن!

ئاكا-ئۇكىلار ئۆز رەپىقىلىرىنى تولىمۇ قەدىرلەيدىكەن، ئەتىۋارلايدىكەن. ئۇلار ئارزۇلۇق رەپىقىلىرىنى قايىل قىلالماپتۇ. زىددىيەت ئۆتكۈرلىشىۋېرىپتۇ. مەسچىدنىڭ بېقىنىدىكى ئۆيدە توي بولغان كۈنى بۇ ئاچا-سىڭىللار يەنە تۆر تالىشىپ قاپتۇ. تۈرلۈك نازۇ-نېمەت، شېرىنلىكلەر بىلەن تولغان داستىخان ئۈستىگە بىر-بىرىنى بېسىشىپ، يۈز-كۆزلىرىنى تاتىلاپ، چاچلىرىنى يۇلۇشۇپتۇ. تىل-ئاھانەت، يىغا-زارە، قىيا-چىيا كوچىنى بىر ئاپتۇ. مەسچىدكە كىرىۋېتىپ، ئۆز رەپىقىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالغان ئىمام ئاخۇنۇم ئىختىيارسىز ھالدا بۇ يەرگە كىرىپ قاپتۇ. قارىسا، باش-كۆزلىرى قىممەت باھالىق يىپەك رومال ئىچىدە قالغان ئىككى ئايال بىر-بىرىنىڭ چېچىنى مەھكەم سىقىمداشقان ھالدا پومداقلىشىۋاتقىدەك. ئۇلارنىڭ بوي-تۇرقى ئوخشاش بولۇپلا قالماستىن، بەس-بەس بىلەن كىيىشىۋالغان كىيىملىرىمۇ ئوخشاش ئىكەن.

— تۆر ئورنىڭدىن! — دەپ گەجگىسىدىن يۇلۇپ ئاپتۇ ئىمام ئاخۇنۇم، — ھۇ، بىنومۇس ئالۋاستى! — شۇ سۆز بىلەن بىر كاچات ساپتۇ.

— ھا-ھا-ھا!...— كۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ تىللا خېنىم،—تۇر تالاشقىنىڭغا تويە، بىنومۇس ئالۋاستى!

ئالتۇن خېنىم ئاغزىنى سىلىغانىكەن، ئاپ-ئاق ئالقىنى قىپقىزىل قانغا بويۇلۇپتۇ. ئۆز ئۆمرىدە مەرھۇم ئاتا-ئانىسىدىن ياكى ئېرىدىن ئازار يەپ باقمىغان خېنىم بۇ ئىزا-كۈلپەتكە بەرداشلىق بېرەلمەپتۇ-دە:

— ھۇ، خوتۇنىنىڭ تامبىلىغا سەجدە قىلىدىغان مۇناپىق!—دېگىنىچە، بىر پىيالە رىشالىنى قەھرى-غەزەپ بىلەن ئېتىپتۇ. ئىمامنىڭ قاڭشىرى يېرىلىپتۇ. يۈز-كۆزلىرى ئاپئاق رىشالە بىلەن قىپقىزىل قان ئارىلاشمىسىغا كۆمۈلۈپتۇ.

كۈن-تۈنلەر ئاغرىق-ئاداۋەت ئىچىدە ئۆتمەكتىدى. نائىناقلىق ئۇششۇكى قوشكېزەك ئاكا-ئۇكىلار يۈرىكىدىكى قان-قېرىنداشلىق ھارارىتىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋېلىش خەۋپى قاش-كىرپىك ئارىلىقىدا تۇراتتى. بىز بۇلارنى ئەپلەشتۈرۈش-ياراشتۇرۇش يولىغا قەدەم قويدۇق.

— خوتۇنىنى تالاق قىلىۋەتسۇن!—دەپ شەرت قويدى ئاكىسى،—شۇ چاغدىلا مەن ئۇ ئالۋاستىنىڭ ماڭا قىلغان ھاقارىتىنى ئېسىمدىن چىقىرىمەن، ئاكامنى بۇرۇنقىدەكلا قەدىرلەيمەن.

—خوتۇنىنى ئۈچ تالاق قىلىۋەتمىگىچە،—دېگەن شەرتنى قويدى ئۇكىسىمۇ،— مەن ئۇنىڭ خوتۇنىنى ھاقارەت قىلغان، ئۇرۇپ بىر تال ئېزىق چىشىنى سۇندۇرۇۋەتكەن گۇناھىدىن كېچەلمەيمەن!

ياراشتۇرۇش يولىدا تاشلانغان قەدەم، بىزدۇرۇلگەن ئەجىرلەر زايا كەتتى. پىتنە-پاسات كۆپەيدى، زىددىيەت كۈنسېرى چوڭقۇرلاشتى. ئىناق قوشنا-ھەقەمسايىلارمۇ چەك-چېكى كۆرۈنمەس تالاش-تارتىش چۆلىدە قويۇندەك پىرقىراشقا باشلىدى. بىر قىسىملار ئالتۇن خېنىمنىڭ، بىر قىسىملار تىللا خېنىمنىڭ تەرىپىنى ئالدى. ھەركىم ئۆزى ھىمايە قىلغان تەرەپنىڭكىنى توغرا دېدى. پىتنە-پاسات ئارقىلىق جان باقىدىغان ناجىنس، نائەھلىلەرمۇ چىقىپ قالدى. ئۇلار ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللار ئوتتۇرىسىدا كېچە-كۈندۈز گەپ توشۇپ، ئوت ئۈستىگە ياغ چېچىشتى. بەزىلەر ھەۋەسيىن قارىمنىڭ ھوجرىسىغا خۇپىيانە كىرىپ: «سىلە ئاكىلىرىدىن چوڭ، سىمىز تۇغۇلغان. باشلىرىمۇ ئاكىلىرىنىڭكىدىن يوغىنراق ئىدى. ئاكا بولۇشقا ھەسەن قارىم ئەمەس، دەل ئۆزلىرى مۇناسىپ» دەپ قۇتراتقۇلۇق قىلسا، تىللا خېنىمنىڭ يېنىغا ئوغرىلىقچە كىرىپ: «بۇرۇن تۇغۇلغىنى ئاچىلىرى ئەمەس، دەل ئۆزلىرى ئىكەنلا، كىندىك ئانا بىر كېچە-كۈندۈز كىرپىك قاقماي تەۋەللۇت ئۈستىدە تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇيقۇسىزلىق ئىچىدە گاڭگىراپ قېلىپ، ئىككىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ قويغانىكەن» دەپ ئوت قويرۇقلۇق قىلىپتۇ. بەزىلەر ئالتۇن خېنىمغا ئەقىل ئۆگىتىپتۇ: «ئەرلىرى ھەۋەسيىن قارىم سودىگەرچىلىك قىلىمەن دەپ يول ئازابى-گور ئازابى تارتسا، سىلە-ئۆزلىرى تەنھالىق، تەشنالىق دەردىنى تارتىلا. ھەسەن قارىم بولسا، شەھەردىن چىقماي تىجارەت قىلىپ، مۇشەققەتسىز ھالاۋەت كۆرىدۇ. تويى-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم، نەزىرچىراقلاردىن كېلىدىغان تاپاۋەتمۇ ئاز ئەمەس. ۋەخپىلەرنىڭ كىرىمچۇ تېخى! قۇربان ھېيتتا پۈتۈن كوچىمىزدا قۇربانلىق قىلىنغان قويلارنىڭ تېرە-ئۈچەي، كاللا-پاقالچەكلىرى شۇ ئۆيگە قاراپ ئاقىدۇ. تىللاخانىنى يوغىناتقان ئەشۇ پايدا-تاپاۋەت ئەمەسمۇ؟ ئەرلىرى ھەۋەسيىن قارىمۇ ئەھلى ئىلىم، قارىي قۇرئان كىشى. ھەر قانداق جامە ئىمامىلىقىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. ئاكىسىدىن ئوبدانراق قۇرئان تىلاۋەت قىلالايدۇ، تەپسىر ئېيتالايدۇ. ئاكىسى بىلەن چىراي-

www.uyghurkitap.com

لىقچە پۇتۇشۇپ نۆۋەت بىلەن ئىمامىلىق قىلسا بولمامدۇ؟ ئاكىسى بىر ئاي ئىمام بولسا، ئۇكىسى بىر ئاي، بۇ يىل ئاكىسى ئىمام بولسا، كېلەر يىل ئۇكىسى...»

بۇ مەسلىھەت ئالتۇن خېنىمغا يېقىپ قاپتۇ، ئېرىنىمۇ قايىل قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىمامىلىق دەۋاسى باشلاندى. بىر قىسىملار ھۈسەيىن قارىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ مەھكىمە شەرئىگە بارسا، بىر قىسىملار ھەسەن قارىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىمام بولۇشىنى تەلەپ قىلىپ بېرىشتى. ھەر تەرەپ ئۆزى ھىمايە قىلغان كىشىنىڭ خىسلەت - پەزىلەتلىرىنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۆزى رەد قىلغان كىشىنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى كۆپتۈرۈشتى. شەرىئەت بۇ دەۋانى ھەل قىلىشقا چارىسىز قالدى. دوتەي - ئامباللارمۇ ئامال قىلالمىدى. ئۆز قوللىغۇچىلىرىنىڭ تەلىپى ۋە ئالتۇن خېنىمنىڭ تەقەززاسى بويىچە، ھۈسەيىن قارىم ئاخىرى ئۈرۈمچىگە راۋان بولدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ھەسەن قارىمۇ دەرھال ئاتلىنىپ، ھۈسەيىن قارىمدىن بىر كۈن كېيىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ بېرىپتۇ. بۇ — نىقاپلىق يالماۋۇز ياڭجاڭجۇڭنىڭ قومۇل خەلق قوزغىلىڭىنىڭ مەشھۇر سەركەردىسى تۆمۈر خەلپىنى قەتلى قىلغان كۈنىنىڭ ئەتىسى ئىكەن. ئۇ غەربىي دىيار خەلقىنى مەڭگۈ مەھكۇملۇقتا قالدۇرۇشنىڭ چارە-تەدبىرى ھەققىدە قالتىس بىر كىتاب يېزىشقا كىرىشىپ، يۇڭ قەلەم بىلەن مۇنۇلارنى يېزىۋاتقان چاغ ئىكەن: «...بۇ خەلقنىڭ دىنى بىر، خۇداسى بىر، پەيغەمبىرى بىر، كەئبىسى بىر، مەزھەبى بىر، تىلى بىر، بۇ ئالتە بىرلىك، ئۈستىگە دىل بىرلىكى — زىچ ئىتتىپاقلىق قېتىلىدىغانلا بولسا، تۈگەشكىنىم شۇ، تەختى - بەختىمنىڭ گۇمران بولغىنى شۇ!...»

ئوغلۇم، ئاڭلاۋاتامسەن؟ ئۇ، ئۆز ھۆكۈمىنى مۇنداق شەرھىلەۋاتقان ئىكەن: «دىل بىرلىكى — تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىكنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى، باي - باياشاتلىقنىڭ ئۇلى، بىلىم - مەرىپەتكە ئىنتىلىش، ئويغىنىش، ئۆز - ئۆزىنى تونۇۋېلىشنىڭ ئاساسىدۇر. بۇ «بىرلىك» تىن ئارتۇقراق خەۋپ - خەتەر يوق ماڭا!...»

ھۈسەيىن قارىم دەل مۇشۇنداق پەيتتە ياڭجاڭجۇڭنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. جاڭجۇڭ ھۈسەيىن قارىم ئىنئام قىلغان يۈز دانە تىللانى ئاپتۇ، ئەرزىگە قۇلاق ساپتۇ ۋە خىيال سۈرۈپ قاپتۇ. شۇ ئەسنادا ھەسەن قارىمۇ كىرىپ كەپتۇ - دە، يۈز دانە تىللانى ئالدىغا قويۇپتۇ، ئەرزىنى بايان ئەيلەپ ئاھ ئۇرۇپتۇ. جاۋاب كۈتۈپ قول باغلاپ تۇرۇپتۇ.

— ئويلىشىپ باقاي، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ جاڭجۇڭ.

ئاكا - ئۇكىلار بىر - بىرىگە تۇيدۇرماستىن ئۇقۇشۇپ - سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ «ئويلىشىپ باقاي» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلىۋاپتۇ. ئاكىسى يۈز يىگىرمە تىللا ئىنئام قىلغان بولسا، ئۇكىسى يۈز ئەللىك، ئىككى يۈزنى ئىنئام قىلىۋېرىپتۇ. ھەسەن قارىم ئاكىلىق ئورنى تۈپەيلىدىن بۇ دەۋادا ئۇتىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ كېتىپ، ئىنئام يوللاشتا ھۈسەيىن قارىمغا يېتىشەلمىگەن بولسا كېرەك، شۇڭلاشقا ياڭجاڭجۇڭ:

— سەنمۇ مەسچىد سال، ئىمام بول! — دەپ بۇيرۇپتۇ ھۈسەيىن قارىمغا، — سېنىڭ قوللىغۇچىلىرىڭنىڭ ئەجدادى تەرىپىدىن مەسچىدكە ۋەخپى قىلىنغان دۇكان - ساراي، يەر زېمىنلارغا سەن ئىگىدارچىلىق قىل! ھەسەن قارىمغىمۇ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەسلىدىكى مەسچىدكە ئىمام بولۇۋەر. سېنىڭ قولىڭغۇچىلىرىڭنىڭ ئەجدادى تەرىپىدىن مەسچىدكە ۋەخپە قىلىنغان دۇكان - سارايى، يەر - زېمىنلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىۋەر!

دەۋادا ئۇتقان، ئەلبەتتە خۇشاللىققا چۆمۈلگەن ھۆسەيىن قارىم ئۆز ئىچىدە مۇنداق قارارغا كەپتۇ: شۇنداق بىر جامە سالدۇرايكى، نامىم ئەلگە تارالسۇن، شۆھرىتىم كۆككە يەتسۇن. كونا مەسچىد بويۇن قىسىپ بىر چەتتە قالسۇن!...

ھەسەن قارىم بۇنى بىلىۋالغاندەكلا سوراپتۇ:

— جاڭجۇڭ ئالىلىرى، قۇرۇلغۇسى مەسچىدنىڭ يەر كۆلىمى، شەكىل - نۇسخىسى...

— كونا مەسچىد بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش، — دەپ جاكالاپتۇ جاڭجۇڭ، — بىر قەدەم كەڭ تار، بىر غىرىچ ئېگىز - پەس بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ. گۈل - نەقىشلىرىدىن تارتىپ، سىر - بوياقلىرىچە ئوپمۇ ئوخشاش بولۇشى كېرەك!...

بىلدىڭمۇ، ئوغلۇم؟ «قوش مەسچىد» نىڭ تارىخى ئەنە شۇ! ئايدەك يورۇق، باھاردەك ئىللىق كوچىمىزنىڭ تۇماندەك تۇتۇق، جۇدۇن پەسىلدەك سوغۇق كوچىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبى ئەنە شۇ!

4

جېنىم بوۋا، ئاخىرەتكە سەپەر قىلغىنىڭغا چارەك ئەسىر بولغان بۈگۈنكى كۈندە مەن ئايرىلغىنىمغا شۇنچە يىللار بولغان يۇرتۇمغا قاراپ كېتىۋاتىمەن، نۇرانە چېھرىڭ ۋە ئۆتلۈك نەپەسلىرىڭ بىلەن ئىللىپ تۇرىدىغان كوچامغا قاراپ كېتىۋاتىمەن. يېقىنلاشقانسېرى سېغىنىش-ئىنتىزارلىق ئوتلىرىم لاۋۇلدىماقتا، تەشۋىش-ئەندىشىلىرىم كۈچەيمەكتە: ئاھ، مېنىڭ كوچام، قانلىق تارىخىي سەرگۈزەشتىلەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ھەسرەت-نادامەتلىك كوچام! تىنچ، ئىتتىپاقلىق باھارىنىڭ ئارامبەخش ئاپتىپىدا يورۇپ ئىللىغانسەنمۇ ياكى ئۆز ھالىتىڭچە تۇرىۋەرگەنسەنمۇ؟ سۈبھى-سەھەر ۋاقتىدا قارىمۇ قارشى ئىككى دەرۋازىدىن تەڭ چىققان ئىككى مۇسۇلماننىڭ «ئەسسالامۇئەلەيكۇم-ۋائەلەيكۇم ئەسسالام» نى بىجاكەلتۈرۈپ، بىر مەسچىدكە قاراپ دوستانە قەدەم تاشلاۋاتقانلىقىنى كۆرەرمەنمۇ ياكى ئەينى زامانلاردىكىدەك «مەن ئۇرۇق، ئۇ سېمىز» دەپ بىر-بىرىنى ئىتتىرىشىۋاتقان نادانلارنىمۇ؟ ھۆرمەتلىك يېگى ئىمامىمىز بىر مەسچىدكە جەم بولغان ئەھلى جامائەتتىن: «ئىنساننىڭ خارۋە زەبۇن بولۇشىغا سەۋەب نېمىدۇر؟» دەپ سورىسا، پۈتۈن جامائەت: «ئىككى نەرسىدۇر، بىرى، جاھىل ۋە نادانلىق، ئىككىنچىسى، تەپرىق ۋە ئىختىلاپتۇر» دەپ جاۋاب بەرسە؛ «ئىززەت-ئابروي، قۇۋۋەت نېمە بىلەن بولۇر؟» دېگەن ھامان: «بىلىم-مەرىپەت، ئىتتىپاقلىق بىلەن بولۇر» ① دەپ يەكدىللىق بىلەن جاۋاب بەرسە، خوشاللىقتىن يۈرەكلىرىم يېرىلىپ كەتمەسمىدى؟ سېنىڭچۇ، بوۋا؟ بوش، بىكار قالغان يەنە بىر مەسچىدنىڭ كۆزگۆھەرلىرىمىز، ئۈمىد يۇلتۇزلىرىمىز ئۈچۈن ئارامبەخش باغچە، يەسلى قىلىپ بېرىلگەنلىكىنى كۆرسەمچۇ؟ ئۇ چاغدا مەن غەمكىن قەۋرەڭنى مەھكەم قۇچاقلاپ، بار ئاۋازىم بىلەن خىتاب قىلماسمىدىم:

— بوۋا، جېنىم بوۋا خاتىرجەم بول، ئارزۇ-مۇرادىڭ گۈل-چېچەك ئاچتى!


1986 - يىل يانۋار، قەشقەر

مەسئۇل مۇھەررىرى: قۇربان مامۇت

① سوئال - جاۋابلار: «ئاقائىد زۆرۈرىيە» - دىن ئېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇۋاپىقىيەت قازىنىشنىڭ يولى



(بىر پەردىلىك دراما)

**تەۋپىق ھەكىمى** (مىسىر)

مەلۇم بىر مىنىستىرلىقنىڭ مىنىستىرى ئىش ئۈستىلى ئالدىدا ئولتۇرىدۇ، مۇئاۋىن مىنىستىر ياردەمچىسى (تۆۋەندە ياردەمچى دەپ ئېلىنىدۇ) ئۇنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرۇپ، ئارخىپتىن بىرنەچچە پارچە ھۆججەتنى ئېلىپ مىنىستىرغا سۇنىدۇ.

**مىنىستىر:** زاكىر بەگ، گەپىمنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتسام، مەن قول ئاستىمدا ئىشلىگەن ئادەملەردىن ئۆزى دېگەن ھەر بىر ئېغىز گەپىنى تامامەن قوللاشنى، ئۆزى قىلغان ھەر بىر ئىشنى شەرتسىز ھىمايە قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئۇنداق رەھبەرلەردىن ئەمەسمەن. مەن تۈز كۆڭۈل ۋە تۈرگۈن كىشىلەرنى ياقتۇرىمەن. مەن بىلەن بەس-مۇنازىرىلىشىدىغان، ھەتتا ماڭا قارشى تۇرىدىغان خىزمەتچىلەرنى ياخشى كۆرىمەن، ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، مېنىڭ پىكرىمنى ئىنكار قىلىۋېتىشكە جۈرئەت قىلىدىغانلارنى قارشى ئالىمەن.

**ياردەمچى:** مىنىستىر جانابلىرى، مەن ئۆزلىرىنىڭ ئالتۇندەك بۇ پرىنسىپلىرىغا، قىممەتلىك پەندى- نەسىھەتلىرىگە خىلاپلىق قىلمىغانىدىمەن؟

**مىنىستىر:** سىزچە دەرىجە ئۆستۈرۈشتە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلمىغان جايلىرىم بارمۇ؟

**ياردەمچى:** مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلمىغان جايلىرىم بارمۇ دەمىلا...... خۇدا كەچۈرسۇن! مەن بۇنداق پۇختا، بۇنداق دانا، بۇنداق مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن.

**مىنىستىر:** ئادىل بولدىمۇ؟

**ياردەمچى:** ئادىل بولدى، بۇنىڭدا گەپ يوق!

**مىنىستىر:** ئارخىپنى يەنە بىر قېتىم ئوبدان تەكشۈرۈپ چىقىڭ، ھېچكىمگە ئۇۋال بولمىسۇن...

**ياردەمچى:** جانابلىرىنىڭ ئادىل مۇئامىلىلىرىدىن بارلىق خىزمەتچىلەرنىڭ مۇشەررەپ بولغانلىقىغا ئىشەنچەم كامىل.

**مىنىستىر:** مەن دەرىجە ئۆستۈرۈش تۈگىگەندىن كېيىن ئۇۋال قىلىنغانلار چىقىپ قېلىشىنى خالىمايمەن.

**ياردەمچى:** جانابلىرى بىزگە ھەمىشەم تۈز كۆڭۈل، تۈرگۈن بولۇشنى تاپىلاپ كەلدىلە. ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك پەندى - نەسىھەتلىرىگە ئاساسەن بىر ئېغىز گەپ قىلىشىمغا رۇخسەت قىلغايلا......

## سەھنە ماتېرىياللىرى

مىنىستىر: كېچىككەن بولسا قىلىڭ... قىلىۋېرىڭ.

ياردەمچى: ئەگەر جانابلىرىنىڭ پىكرىگە قارشى چىقسامچۇ؟

مىنىستىر: قارشى چىقسىڭىزمۇ مەيلى...... قىلىۋېرىڭ......

ياردەمچى: بىرەيلەنگە ئۇۋال بولدى، جانابلىرى دەرىجە تەگشەشتە ئۇنى ئەسلىرىدىن چىقىرىپ قويدىلا.

مىنىستىر: ئۇۋال بولدى دەمسىز؟ كىمگە ئۇۋال بولدى؟

ياردەمچى: فاھىم ئابدۇل ۋادىت ئەپەندىگە.

مىنىستىر: فاھىم ئابدۇل ۋادىتقا؟ مېنىڭ بىر نەۋرە ئىنىمگىما؟

ياردەمچى: ئۇ ئۆزلىرىنىڭ بىر نەۋرە ئىنىلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، ئەكسىچە ئۆستۈرۈشكە تېگىشلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەكىدى.

مىنىستىر: بىراق، ئۇ تېخى بۇنىڭدىن ئىككى ئاي بۇرۇنلا ئۆستۈرۈلگەنتىغۇ.

ياردەمچى: بۇنىڭ ئۇنى ئەل قاتارى ئۆستۈرۈشكە دەخلىسى بولمايدۇ.... شۇنداق قىلساق ئاندىن ئادىل ئىش قىلغان بولىمىز.

مىنىستىر: سىزچە ئۇنى قەيەرگە ئۆستۈرسەك بولار؟

ياردەمچى: مەن ئۇنى مۇۋاپىق بىر ۋەزىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىمەن.

مىنىستىر: بوش ئورۇن بارمۇ؟

ياردەمچى: زۆرۈر تېپىلسا بوشىتىمىز.... مېنىڭچە ئۇنى بىر مەھكىمە باشلىقىنىڭ ئورنىغا قويساق بولىدۇ....

مىنىستىر: ئۇنداق بولسا ئويلىغىنىڭىزدەك بولسۇن. بۇ ئىشنى ئۆزىڭىزگە تاپشۇردۇم. سىزگە ئىشەنگىنىم بىكارغا كەتمەپتۇ... سىز قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ماھىر ئىكەنسىز، قولىڭىزدىن ئىش كېلىدىكەن....

ياردەمچى: بۇمۇ جانابلىرىنىڭ ئىلھام بېرىپ تۇرغانلىقىدىن بولدى - دە.

مىنىستىر: ياق، بۇ ئۆزىڭىزنىڭ تىرىشچانلىقىڭىزدىن، پىداكارانە روھىڭىز ۋە بىجانىدىل خىزمەت قىلىش پوزىتسىيىڭىزدىن بولدى...شۇنداق تۇرۇغلۇق بەزى ئىچى تار كىشىلەر سىزنى تېز ئۆسۈپ كەتتى - يەي، ساۋاقداشلىرىدىن بۇرۇن ئۆستۈرۈلدى - يەي، دەپ كوتۇلداشماقتا، ئۇلار سىزنىڭ قابىلىيىتىڭىزگە ۋە تىرىشچانلىقىڭىزغا تايىنىپ ئۆسكەنلىكىڭىزنى بىلمەيدۇ.

ياردەمچى: مەن مەڭگۈ ئۆزلىرىنىڭ كۆتكەن يەرلىرىدىن چىقىش ئۈچۈن تەييارمەن. ماڭا قىلغان غەمخورلۇقلىرىنى ئۇنتۇپ قالمايمەن.

مىنىستىر: دەرىجە ئۆستۈرۈشنى ئۆمەر بەگكە دوكلات قىلدىڭىزمۇ؟

ياردەمچى: جانابلىرى تەستىقلىسىلا دوكلات قىلىمەن.

مىنىستىر: چوقۇم دوكلات قىلىڭ، مۇئاۋىن مىنىستىر بۇ ئىشتىن جەزمەن خەۋەر تاپسۇن.

ياردەمچى: شۇ تاپتا.... ئۇنىڭ يېنىغا بارىمەن....

مىنىستىر: ئۇ بىر - بىرلەپ كۆزدىن كەچۈرسۇن.

ياردەمچى: خۇدا پانا بەرسۇن! مۇئاۋىن مىنىستىر بىزنىڭ تەكلىپىمىزدىن ھەمىشە تۇك ئۇندۇرۇپ تۇرىدۇ. بۇ جانابلىرىغىمۇ ئايان.

مىنىستىر: قەتئىي سەۋرچان بولۇڭ.....

ياردەمچى: مەن جانابلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىن سەۋرچانلىقتا ۋە غەيرەت - شىجائەتكە ئېرىشتىم.

مىنىستىر: سەۋرچانلىقنى خۇدا بېرىدۇ.

ياردەمچى: (ئارخىپنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە تەمشىلىدۇ) خوش، مىنىستىر جانابلىرى مەن چىقاي.

مىنىستىر: خوش!

(ياردەمچى چىقىپ كېتىدۇ. مىنىستىرنىڭ خۇ-

www.uyghurkitap.com

سۇسىي كاتىپى يەنە بىر ئىشىكتىن كىرىپ كېلىدۇ، ئىشىك تۈۋىدە ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالىدۇ.)

مىنىستىر: (بۇرۇلۇپ كاتىپقا يۈزلىنىدۇ) بىرەر ئىش بارمىدى؟

كاتىپ: خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى ئۆمىكى جانابلىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ.

مىنىستىر: نېمە ئىشى بار ئىكەن؟

كاتىپ: دەرىجە ئۆستۈرۈش خىزمىتىگە قارىتا ئۇلار ئۆز پىكىرلىرىنى بايان قىلماقچىكەن.

مىنىستىر: دەرىجە ئۆستۈرۈشكە؟ تېخى ئېلان قىلىنمىدىغۇ؟ ھازىر دەل مۇشۇ ئىشنى مۇزاكىرە قىلىۋاتىمىزغۇ!

كاتىپ: بەزى خىزمەتچىلەر دەرىجە ئۆستۈرۈش ئورۇنلاشتۇرۇشى توغرىلىق مىنىستىرلىقتا بەزى ياۋا - ياۋىداق گەپلەر بولۇۋاتىدۇ، دەپ ئەندىشە قىلىشىۋېتىپتۇ، شۇڭا ئۇلار سىز بىلەن سۆزلەشمەكچىكەن.

مىنىستىر: جۆياۋگەنلىكتە - بۇ! مىنىستىر بولغان ئادەمنىڭ ياۋا- ياۋىداق گەپلەرنى ئاڭلىغىدەك ياكى خەقلەرنىڭ ئەندىشىسىنى تۈگەتكىدەك نەدە شۇنچەكۆپ ۋاقتى بولسۇن؟ ئۇلارغا ئېيتىڭ، ئۇنداق پىتنە - پاسات گەپلەر بىلەن چاتىقى بولمىسۇن، ھەممىسى قايتىپ بېرىپ ئىشىنى قىلىۋەرسۇن!

كاتىپ: باش ئۈستىگە، مىنىستىر جانابلىرى!

(مىنىستىر ھۆججەتنى ئېچىپ كۆرۈشكە تەمشىلىشىگە، بايا كاتىپ چىقىپ كەتكەن ئىشىك تۇساتتىن ئېچىلىدۇ، مۇئاۋىن مىنىستىر كىرىپ كېلىدۇ)

مۇئاۋىن مىنىستىر: مەن دەرىجە ئۆستۈرۈش توغرىسىدا جانابلىرى بىلەن سۆزلىشىپ چىقاي دەپ كىرگەنىدىم....

مىنىستىر: يارىدەمچىڭىز سىزگە دوكلات قىلدىمۇ؟

مۇئاۋىن مىنىستىر: قىلدى.

مىنىستىر: قوشۇلامسىز؟

مۇئاۋىن مىنىستىر: مەن بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشقا قوشۇلالمايمەن.

مىنىستىر: نېمىشقا؟

مۇئاۋىن مىنىستىر: جانابلىرى پىكىرىمنى ئوچۇق- ئاشكارا ھالدا تارتىنماستىن بايان قىلىشىمغا رۇخسەت قىلارلىمۇ؟

مىنىستىر: رۇخسەت قىلىمەن... ئەلۋەتتە رۇخسەت قىلىمەن.... ئۆزىڭىزگە مەلۇم، ئوچۇق-ئاشكارا بولۇشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن، بەھۇزۇر تارتىنماستىن پىكىر بايان قىلىشنى قارشى ئالىمەن، مەرھەمەت، ئۆمەر بەگ! سۆزلەۋېرىڭ.... بۇ قېتىمقى دەرىجە ئۆستۈرۈشتە بىرەر مەسىلىنى سەزدىڭىزمۇ؟

مۇئاۋىن مىنىستىر: مېنىڭچە بۇ قېتىمقى دەرىجە ئۆستۈرۈش قىلچە ئاساسسىز ۋە پرىنسىپسىز بوپتۇ. يا قابىلىيەت يا ستاژ نەزەرگە ئېلىنماپتۇ....

مىنىستىر: بىرەر كونكرېت مىسالىڭىز بارمۇ؟

مۇئاۋىن مىنىستىر: مەن جانابلىرىغا تونۇشلۇق بىر ئادەمنى مىسال كەلتۈرۈپ بېرەي... سىلە ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلىلا. ئۇ فاھىم ئابدۇل ۋادىت ئەپەندى بولىدۇ... ئۇنىڭ ئارخىپى، قابىلىيىتى تۆۋەن، ئەخلاقى بۇزۇق، بەڭباش، ھاكاۋۇر دەپ يېزىلغان ماتېرىياللار بىلەن تولۇپ كەتكەن. خىزمەتتە ئۇنىڭغا زادىلا ئىشەنگىلى بولمايدۇ.... ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنىڭدىن ئىككى ئاي بۇرۇنلا ئۇ دەرىجە ئاتلىنىپ ئۆستۈرۈلگەن... ئۇ نېمىشقا بۇ قېتىمقى دەرىجە ئۆستۈرۈشتە يەنە بىر سەكرەپلا مەھكىمە باشلىقلىق ئورۇنغا چىقىپ قالىدۇ؟!

مىنىستىر: ئاڭلىشىمچە، بۇ ئورۇن بوش ئىكەن، ئۇنى بۇ ئورۇنغا قويۇشنىڭ ھېچقانداق يامىنى يوق....

مۇئاۋىن مىنىستىر: دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، مىنىستىر جانابلىرى! بۇ ئورۇندا مۇناسىپ بىر خىزمەتچى ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئاجايىپ قابىلىيىتى ۋە ئۇزۇن يىللىق خىزمەت ستاژى بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.... ئەمەلىيەتتە، ئۇ ھازىر بۇ مەھكىمىنىڭ خىزمىتىگە ئومۇمىيۈزلۈك رىياسەتچىلىك قىلىۋاتىدۇ....

مىنىستىر: بۇ خىزمەتچىگە شۇنچە يۇقىرى باھا بەرگىنىڭىزگە قارىغاندا ئۇنى ئوبدانلا چۈشىنىدىغان ئوخشىمامسىز؟....

مۇئاۋىن مىنىستىر: مەن ئۇنى خىزمىتى ۋە ئارخىپىدىكى نەتىجىلەر يېزىلغان مەلۇماتلار ئارقىلىق چۈشەندىم. بۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ ھېچقانداق ئىشىدىن بىخەۋەرمەن.... ئارىمىزدا ھېچقانداق ئالاھىدە مۇناسىۋەتمۇ يوق.

مىنىستىر: ئۆمەر بەگ نېمە دېمەكچىسىز؟!

مۇئاۋىن مىنىستىر: دېمەكچى بولغۇنۇم شۇكى... بىر خىزمەتچىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئۇنىڭ خىزمىتى ۋە قوشقان تۆھپىسى ئاساسىدا بولسا، ئۇنىڭدىن باشقا سىتاژىنىمۇ ئىمكان قەدەر ئويلىشىپ كۆرسەك دېمەكچىمەن.... ئاخىرىدا ئۆزلىرى قارار قىلىلا، ئەلۋەتتە.

مىنىستىر: سىز يالغۇز ئۆزەملا مۇشۇنداق ئويلايمەن دەپ قارامسىز.

مۇئاۋىن مىنىستىر: مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەسمەن....

مىنىستىر: سىز بىزنى دەرىجە ئۆستۈرۈشنى خۇسۇسىي مۇناسىۋەت ئاساسىدا ئېلىپ بارىدى، دېمەكچىمۇ؟

مۇئاۋىن مىنىستىر: مەن شۇنداق دېدىممۇ؟!

مىنىستىر: ئاغزىڭىزدا ئۇنداق دېمىگىنىڭىز بىلەن سۆزىڭىزدىن چىقىپ تۇرىدۇ...

مۇئاۋىن مىنىستىر: خۇدا پاناھ بەرسۇن! مەن سامان تەكتىدىن سۇ يۈگۈرتۈشنى خالىمايمەن، ئەزەلدىن تۈزلا كەتكەن ئادەممەن... خىزمىتىم مېنىڭ تۈز كۆڭۈل بولۇشۇمنى تەلەپ قىلىدۇ... سىلىنى رەنجىتىپ قويغان تەقدىردىمۇ، خىزمەتكە، مىنىستىر جانابلىرىغا بولغان ھەقىقىي ساداقىتىم ۋەجىدىن ئۆزلىرىگە راست گەپ قىلىۋاتىمەن.....

مىنىستىر: مەن رەنجىمىدىم، ئۆمەر بەگ....

مۇئاۋىن مىنىستىر: مەن جانابلىرىنىڭ تۈز كۆڭۈل كىشىلەرگە رەنجىمەيدىغانلىقلىرىغا ئىشىنىمەن، چۈنكى سىلە بىزگە دائىم تۈز كۆڭۈل بولۇڭلار، دەپ تەلەپ قويۇپ كېلىۋاتىلا.

مىنىستىر: شۇنداق بولمايچۇ؟

مۇئاۋىن مىنىستىر: ئەلۋەتتە شۇنداق... لېكىن بىرسىنىڭ ئىشىنى بۇزۇش ئارقىلىق ئىككىنچى بىر كىشىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان كۆڭۈلچەكلىكنى ھەقىقىي كۆڭۈلچەكلىك دېگىلى بولمايدۇ. بۇنداق كۆڭۈلچەكلىك سىلىنى خۇشال قىلمىقىنى بىلەن سىلىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى قوغدىمايدۇ.

مىنىستىر: نېمە دېمەكچىسىز؟

مۇئاۋىن مىنىستىر: مەن قول ئاستىمدا ئىشلىگەن ئادىمىم مېنى رەنجىتسە، رەنجىتسۇنكى خىزمىتىمنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلسۇن، قارىماققا ماڭا خۇشامەت قىلغان بولۇپ ئەمەلىيەتتە ئىشىمنى بۇزمىسۇن، دېمەكچىمەن.

مىنىستىر: سىز بۇ گەپنى كىمگە قارىتىپ دەۋاتىسىز؟

مۇئاۋىن مىنىستىر: ھېچكىمگە قارىتىپ دەۋاتقىنىم يوق... بۇ مېنىڭ ئەمەل قىلىدىغان پىرىنسىپىم...

مىنىستىر: مېنىڭ بىر نەۋرە ئىنىمنى ئۆستۈرۈش ھەققىدە مۇشۇنچىلىك غەۋغا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن، يەنە كېلىپ بۇ ئىش سىزنىڭ پىرىنسىپىڭىزغا خىلاپ بولسا، مەن سىزگە بۇ ئىشنى دەرھال تاشلاپ قويۇشىڭىزنى دەۋەت قىلىمەن، كارىڭىز بولمىسۇن...

مۇئاۋىن مىنىستىر: جانابلىرىغا رەھمەت... مەن ئۆزلىرىنىڭ جامائەتنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ مۇشۇنداق قىلىدىغانلىقلىرىغا ئەزەلدىن ئىشىنەتتىم.

مىنىستىر: جامائەتنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ دەمسىز؟

مۇئاۋىن مىنىستىر: جانابلىرى ئۆزلىرىمۇ كىشىلەرنىڭ ھازىرقى جەمئىيەت، ياشلار، يېڭى ئەۋلادلار ۋە قابىلىيەتلىك كىشىلەرنىڭ قىسمەتلىرى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىنى ئاڭلىغان بولغىيتىلا، كىشىلەر: تىرىشچانلىق، كۈرەش، قابىلىيەت، ساداقەت ۋە باش چۆكۈرۈپ ئىشلەش مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ۋاستىسى ۋە ئاچقۇچى بولالمايۋاتىدۇ دېيىشمەكتە.

مىنىستىر: ئۇنداق بولسا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئاچقۇچى نېمىكەن؟

مۇئاۋىن مىنىستىر: كىشىلەر: بۇگۈنكى كۈندە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ يولى مەلۇم بىر خىل تۇرمۇش ئۇسۇلىدا، دەپ قارىماقتا. بۇنداق تۇرمۇش ئۇسۇلى كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا ئۇزاق مۇددەت تەسىر قىلسا ناھايىتى خەتەرلىك بولارمىش... ئۇ ئاقىۋەتتە بىر دۆلەتنىڭ ساغلام ئىشلەپچىقىرىش قابىلىيىتىنى كۇكۇم تالقان قىلىۋېتەلەيدىكەن.

مىنىستىر: ئۆمەر بەگ نېمىشقا مۇنچە ئۈمىدسىزلىنىپسىز؟

مۇئاۋىن مىنىستىر: ئېھتىمال مۇبالىغە قىلىۋاتقان بولسام كېرەك.

مىنىستىر: شەيئىلەرنى مۇنداق كۆزىتىدىغان بۇ قارا كۆزەينىكىڭىزنى تاشلىۋېتىڭ... دۆلىتىمىزنىڭ ۋەزىيىتى ناھايىتى ياخشى. بۇنىڭدىن جەمئىي كىشى رازى. خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ھەممە ئىشىمىز تېخىمۇ ياخشى بولۇپ كېتىشى مۇمكىن.

مۇئاۋىن مىنىستىر: دېگەنلىرىدەك بولسۇن!

مىنىستىر: كىشىنى ئۇسال قىلىپ قويىدىغان ھېلىقى ئىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا دەرىجە ئۆستۈرۈش خىزمىتى مۇۋاپىق بولدى، دەپ قارىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

مۇئاۋىن مىنىستىر: مەن جانابلىرىنىڭ، تەنقىدىمنى يالغۇز فاھىم ئابدۇل ۋادىت ئەپەندىگە قارىتىلغان دەپ ئويلاپ قالماسلىقلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مىنىستىر: باشقىلارمۇ بارمۇ تېخى؟!

مۇئاۋىن مىنىستىر: جانابلىرىمۇ دەرىجە ئۆستۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئادىل ئاساستا ئېلىپ بېرىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقلىرىدا شەك يوق.

...

مىنىستىر: شۇنداق! ئەلۋەتتە ئادىل بولۇشى كېرەك.

مۇئاۋىن مىنىستىر: ئۇنداق بولسا، دەرىجە ئۆستۈرۈشنى يېڭىباشتىن ئويلىشايلى.

مىنىستىر: ئۆمەر بەگ سىز بىز قىلغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى بۇزماقچىمۇ؟

مۇئاۋىن مىنىستىر: كىشىلەرنى تولۇق رازى قىلىش ئۈچۈن جانابلىرىنىڭ ئىشلارنى توغرا ئاساستا قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن...

مىنىستىر: دېمەك، بۇ قېتىمقى دەرىجە ئۆستۈرۈشىمىزنى ئادىل بولمىدى دەمسىز..

مۇئاۋىن مىنىستىر: شۇنداق، كۆپ سانلىق خىزمەتچىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ئادىل بولمىدى...

مىنىستىر: ئۆمەر بەگ، سىز ئادىل ئىش قىلمىدى، دەپ مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئەرز قىلىۋاتامسىز!

مۇئاۋىن مىنىستىر: مىنىستىر جانابلىرى، مەن نېمىشقا سىلىنىڭ ئۈستىلىرىدىن ئەرز قىلاي، مەن مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر مۇنچە ئىشلار باركەن دېمەكچىمەن.

مىنىستىر: مەقسىدىڭىز چۈشىنىشلىك!

مۇئاۋىن مىنىستىر: مەن جانابلىرىدىن مەقسىتىمنى خاتا چۈشىنىپ قالمىغايتى دەپ ئەنسىرەيمەن، مەن بىتەلەي ئادەممەن، ھەمىشە سىلىنى نارازى قىلىپ قويىمەن...

مىنىستىر: مەسئۇلىيەتنى تەلەيگە باغلىماڭ..

مۇئاۋىن مىنىستىر: مىنىستىر جانابلىرى، ئىشەنسىلە، مەن سىلىنىڭ پىكىرلىرىگە قارشى تۇرمىسام زادى بولمايدىغان ئەھۋالدا قالسام، ھەمىشە قاتتىق ئەپسۇسلىنىمەن. بىراق، مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا «تورمۇزلۇق» رولىنى ئويناپ، ئىشلارنى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراتماسلىق.

مىنىستىر: ئۆمەر بەگ بۇ ئوخشىتىشىڭىز بەكمۇ جايىدا بولدى، سىز ھەقىقەتەن ماڭا «تورمۇز» بولۇپ، پىلانىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشۇمنى توسۇپ، خىزمىتىمنى ئاقسىتىپ كېلىۋاتىسىز.

مۇئاۋىن مىنىستىر: ئىشلارنى ئوڭۇشسىزلىقتىن ئوڭۇشلۇق تەرەپكە بۇرىسام ياخشى ئەمەسمۇ؟

مىنىستىر: سىز دەۋاتقان ئوڭۇشسىزلىق ئۆزىڭىزنىڭ خىيالىدىنلا ئىبارەت، خالاس...

مۇئاۋىن مىنىستىر: مەن مەڭگۈ خاتالاشمايمەن دېمەكچى ئەمەسمەن، لېكىن، ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن سەممىي مەسلىھەت بېرىۋاتىمەن...

مىنىستىر: ئەگەر بىراۋ كۆپ ھاللاردا قارشى تۇرۇش، توسۇش، ئۇۋەن تېپىش، ئىشنى ھەمىشە مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىش بىلەنلا ھەپىلىشىپ يۈرسە بۇنى ياخشى نىيەتتە قىلىۋاتىدۇ دېيىشكە ئادەمنىڭ تىلى بارمايدۇ.

مۇئاۋىن مىنىستىر: راست، مىنىستىر جانابلىرى! جاھاندا ئەيىبىنى كۆرسىتىپ بەرگەنگە خۇشال بولۇشتىن قىيىن ئىش يوق... بىراق، بۇ مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم.

مىنىستىر: مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم؟! ياق، مەن، سىزنىڭ مەسئۇلىيىتىڭىزنى دائىم مىنىستىر ئىشىڭىز خاتا بولدى، جىمى ئىشتا ئىچى قارىلىق قىلىۋاتىسىز، دەپ مېنى ئاگاھلاندۇرۇپ يۈرۈش، دەپ قارىمايمەن.

مۇئاۋىن مىنىستىر: مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم ھەمىشە سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا «خۇش» دەپ تۇرۇشتىنلا ئىبارەتمىدى؟!

مىنىستىر: بولدى بەس! ئۆمەر بەگ! مەن سىزنىڭ «خۇش» دەپ تۇرۇشىڭىزنىلا تەلەپ قىلمايمەن، مەن بىلەن سەمىمىي ھەمكارلىشىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

مۇئاۋىن مىنىستىر: قانداق قىلسام سەمىمىي بولغان بولىمەن؟

مىنىستىر: سىزگە بۇنىڭدىن دەرس بېرىشىم ھاجەتسىز...

مۇئاۋىن مىنىستىر: ياق مىنىستىر جانابلىرى! سىلە ئەمەس، بۇنداق دەرسنى، يېنىمدىكى ئۆيدىكى ئادەم ماڭا ئۆتۈپ بېرىدۇ... بىراق، مەن ئۇنى دورايدىغان بولسام سىلىگە ھازىرقىدەك پايدىلىق ئادەم بولالماي قالغان بولاتتىم.

مىنىستىر: (سائىتىگە قارايدۇ) رەھمەت سىزگە! بۇ شىرىن سۆھبەتلىرىمىزنى پۇرسەت چىقىپ قالسا كېيىن داۋاملاشتۇرارمىز.

مۇئاۋىن مىنىستىر: (سىرتقا قاراپ ماڭىدۇ) خۇش، پاشا جانابلىرى (مۇئاۋىن مىنىستىر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن... مىنىستىر دەرھال كونۇپكىنى باسىدۇ، كاتىپ كىرىپ كېلىدۇ.)

مىنىستىر: (كاتىپقا) مۇئاۋىن مىنىستىرنىڭ ياردەمچىسىنى چاقىرىڭ... چاققان بولۇڭ. (كاتىپ تېز چىقىپ كېتىدۇ. مىنىستىر ئۈستەل ئۈستىدىكى ھۆججەتلەرنى ۋاراقلايدۇ. ئارىدىن بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن، مۇئاۋىن مىنىستىر ياردەمچىسى سوكۇلداپ كىرىپ كېلىدۇ.)

ياردەمچى: جانابلىرى مېنى چاقىرتتىلىمىكىن؟

مىنىستىر: شۇنداق، ئولتۇرۇڭ!

ياردەمچى: چاتاق چىقمىغاندۇ؟

مىنىستىر: دەرىجە ئۆستۈرۈش مەسىلىسىنى مۇئاۋىن مىنىستىرغا دوكلات قىلغانمىدىڭىز؟

ياردەمچى: ئەلۋەتتە... بايىلا دوكلات قىلغانىدىم.

مىنىستىر: ئۇ ئىنكار قىلدىمۇ؟

ياردەمچى: ھەممىنى ئىنكار قىلدى.

مىنىستىر: ئۇ بايا مېنىڭ ئالدىمدىمۇ شۇنداق تەلۋىلىك قىلدى.

ياردەمچى: پاشا جانابلىرى، كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا... ئۇنىڭ بۇنداق قىلىدىغانلىقى بىزگە مەلۇم ئىدى...

مىنىستىر: دەرىجە ئۆستۈرۈش توغرىسىدا ئۇ نېمە دېدى؟

ياردەمچى: تايىنى يوق بىر نېمىلەر دېدى...

مىنىستىر: سۆزلەڭ، ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلگىم كېلىۋاتىدۇ...

ياردەمچى: ئۇ ھۆججەتنى يۈزۈمگە ئاتتى-دە، چالۋاقاپ قايناپ كەتتى: «نىمانداق قالايمىقان قىلغان ئىش بۇ! خىيالىغا نېمە كەلسە شۇنى قىلىۋەرسە بولامدىكەن. مەن مىنىستىرنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ باشلىقى بولۇپ قالسامۇ ئىشچىلارنى بۇنداق ئۆستۈرمىگەن بولاتتىم.»

مىنىستىر: ئۇ راست شۇنداق دېدىمۇ!

ياردەمچى: يالغۇز بۇلارلا ئەمەس، يەنە بىر مۇنچە ئەپسانە گەپلەرنى قىلدى. مەن تەربىيە كۆرگەن ۋە سىلىگە سادىق ئادەم بولغاچقا، ئۇ ئەپسانە گەپلەرنى تەكرارلاشقا تىلىم كۆيىدۇ؟

مىنىستىر: ئۇ سىزنىمۇ تىللىغاندۇ؟

ياردەمچى: تىللىمامدىغان. ئۇ ماڭا: مىنىستىرىڭغا بېرىپ دېگىن، گېپىمنىڭ ئارىسىدىن ئۇنىڭ تىنتاك تومۇرىغا تېگىدىغانلىرىنى تاللىۋېلىپ-دە.

مەن مىنىستىرىڭىزنىڭ ئۆزىگە ۋە قىلغان ـ ئەتكەنلىرىگە پىكىرىم بارلىقىنى بىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ قالمايمەن، دەپ نەچچە قېتىم تەكرارلىدى.

مىنىستىر: مىنىستىرلىك دەمدۇ تېخى؟

ياردەمچى: ئۇ ماڭا گەپ قىلسا ھەمىشە مۇشۇنداق گەپ قىلىدۇ...

مىنىستىر: بەس!

ياردەمچى: پاشا كۆڭۈللىرىنى كەڭ تۇتسىلا! بۇنداق ئەرزىمەس گەپلەرگە ئۆزلىرىنى ئۇرۇپرېتىپ يۈرمىسىلە... بىزگە ئۆزلىرىنىڭ سالامەتلىكلىرى بەك مۇھىم، ئىنتايىن مۇھىم...

مىنىستىر: مەن ئوبدان تۇرۇۋاتىمەن... زاكىر بەگ بىر ۋاراق قەغەز ئەكېلىپ، مېنىڭ گېپىمنى خاتىرىلەڭ...

ياردەمچى: (ئۈستەلدىن قەغەز بىلەن قەلەم ئېلىپ تەييارلايدۇ) مىنىستىر جانابلىرى...

مىنىستىر: خاتىرىلەڭ، مەخپىي ھۆججەت قاتارىدا ساقلايمىز. مىنىستىرلار كېڭىشىنىڭ كېيىنكى قېتىملىق يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، ئۆزىڭىز ماشىنىستكىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۇرغۇزۇڭ.

ياردەمچى: (يېزىشقا تەرەددۇتلىنىدۇ) مىنىستىر جانابلىرى...

مىنىستىر: (ئېيتىدۇ) يېزىپ بولغاندا بېشىڭىزنى كۆتۈرۈڭ... مۇئاۋىن مىنىستىر جانابى ئۆمەر بەگ ئابدۇل تاۋاپ مىنىستىرلىقىمىزنىڭ سىياسىتىگە ئېزچىل ھالدا قارشى تۇرۇپ كەلدى... ئاشكارا ھالدا دۈشمەنلىك پوزىتسىيە تۇتۇپ خىزمىتىمگە توسقۇنلۇق قىلدى، مېنىڭ پىكىرىمنى مەنسىتمىدى، ئۇ مۇئاۋىن مىنىستىر بولۇۋەرسە خىزمەتكە تەسىر يېتىدۇ. مىنىستىرلار كېڭىشىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن داۋاملىق ھەمكارلىشالمايدىغانلىقىمنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنى دەم ئېلىشقا چىقىرىشنى ئويلىنىپ كۆرۈشنى ئىلتىماس قىلىمەن.

ياردەمچى: ئۇ دەم ئېلىشقا چىقامدۇ؟

مىنىستىر: بۇنداق قىلساق بەك قاراملىق قىلغان بولارمىزمۇ؟

ياردەمچى: ياق، ياق، مىنىستىر جانابلىرى! بۇ كەسكىن تەدبىر بولدى. سىلە جامائەتنىڭ مەنپەئەتىنى شەخسنىڭ مەنپەئەتى ۋە ۋەزىيىتىدىن ئەلا بىلدىلە...

مىنىستىر: بۇ بەك قاتتىق بولۇپ كەتتى. بىراق بەزىدە جامائەتنىڭ مەنپەئەتىنى دەپ ئىرادىمىزگە خىلاپ ئىشلارنى قىلمايمۇ بولمايدۇ...

ياردەمچى: سىلە ھەمىشە مۇشۇنداق قىلىلا...

ياردەمچى: (يېزىشقا تەرەددۇتلىنىدۇ) مىنىستىر جانابلىرى...

مىنىستىر: (ئېيتىدۇ) مەن مىنىستىرلار كېڭىشىنىڭ ئۆمەر بەگنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ياردەمچىسى زاكىر بەگ ئابدۇللانى مۇئاۋىن مىنىستىرلىققا تەيىنلىشىنى سورايمەن...

ياردەمچى: (خۇشاللىقىدا ۋارقىراپ كېتىدۇ) مەنما؟!... مەن مۇئاۋىن مىنىستىر بولىمەنما؟!

.......

مىنىستىر: سىزنىڭ ئۆسىدىغان ۋاقتىڭىز بولۇپ قالدى. بۇ ھەرگىز سىزگە يېقىنلىق قىلغانلىقىمدىن ئەمەس.....

ياردەمچى: (ئورنىدىن تۇرىدۇ) رۇخسەت قىلغايلا...

مىنىستىر: نېمە قىلىسىز؟

ياردەمچى: (ئېگىلىپ، مىنىستىرنىڭ قولىغا كاپپىدە ئېسىلىدۇ) جانابلىرىنىڭ ساخاۋەتلىك، ئادىل قوللىرىغا سۆيۈشۈمگە رۇخسەت قىلغايلا. (مىنىستىرنىڭ قولىغا توختىماي سۆيىدۇ.)

پەردە چۈشىدۇ.

«چەتئەل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1985 - يىل 8 - سانىدىن:

ئۆمەر مەھتەمىن تەرجىمىسى

تەرجىمە مۇھەررىرى: ياسىن سېيىت

# ئەجدادلار ۋەسىيەتلىرىدىن...

ئەگەر بۇ جاھاندا سائادەتمەن ياشىماقنى مەقسەت قىلساڭ، تۆۋەندە ئېيتىلغان خىسلەتلەرگە ئادەتلەن:

چوڭلارنى ئىززەت ۋە ھۆرمەت قىل، كىچىكلەرگە شەپقەت قىل.

تەكەببۇرلۇقنى تەرك ئەت، كىبىر ۋە تەكەببۇرلۇق ئادەمزاتنى خار ۋە ھۆرمەتسىز قىلۇر.

قېرىنداشلاردىن يىراقلاشما، قولۇڭدىن كېلىشىچە ئۇلارغا ئېھسان بەرمەك ۋە مېھرىبان بولماق ئۆمۈرنى ئارتتۇرىدۇ ۋە رىسقىنى كۆپەيتىدۇ.

ھەر قايسى كىشىلەرنى خاتىرىك بولسۇن، خائۇلۇك، پەس كۆرمە. پىتنىكەش - غەيۋەتچىلەرنىڭ سۆزىگە ئىشەنمە، بەلكى ئۇلارنىڭ غەيۋەت سۆزلىشىگە يول بەرمە.

تۆھمەت ۋە بۆھتاندىن ئۆزەڭنى ساقلا ۋە باشقىلارنىڭ يامان گۇمانلىرىدىن پەخەس بول.

ھېچكىمگە بۆھتان قىلما ۋە ھېچقانداق ئادەمنىڭ گىنە① سىنى ئۈچ كۈندىن ئۇشۇق تۇتما، ھېچبىر دەرد ـ ھەسەتتىن يامانراق ۋە گىنەدىن چوڭراق بولماس. ھەسەتلىك كىشى ھەمىشە خەلقنىڭ شادلىقىدىن غەمكىن بولۇر ۋە باشقىلارنىڭ راھىتىنى كۆرۈپ جاپادا قالۇر.

بىر كىشىگە ۋەدە قىلساڭ ھەرگىز خىلاپلىق قىلما. چۈنكى ۋەدىگە ۋاپا قىلماق ئۇلۇغلارنىڭ خىسلىتىدۇر.

ھەركىمگە خۇشخۇي، ئوچۇق يۈزلۈك، تاتلىق سۆزلۈك بول.

ھەركىمنىڭ ئۆز قەدرىگە قاراپ ئىززەت قىل.

ئەگەر ئىككى كىشى ئوتتۇرىسىدا خۇسۇمەت چۈشكەن بولسا، ئۇلارنى ياخشىلاشتۇرۇشنى لازىم بىل.

ئەپۇ بىرلە شەپقەتنى ئۆزەڭگە ئادەت قىل بۇنداق خىسلەت ۋە پەزىلەت ھەممىدىن ئۈستۈندۇر. سەن ھەم ئەپۇ قىلماقنى ئادەت تۇت. ئەپۇدا ئەل لەززىتى باردۇر، ئىنتىقام ئىچرە يوقتۇر.

ئۆزەڭنى يامانىنىڭ سۆھبىتىدىن ساقلا، يامانىنىڭ سۆھبىتى جەھەننەمگە تارتۇر. سۆھبەت خاسىيەت تۇغرىسىدىن تەسىر قىلۇر، ياخشىلارنىڭ سۆھبىتى كۆپلىگەن دۆلەتتۇر. يامانلارنىڭ سۆھبىتى مالاللىق ۋە نادامەتكە سەۋەب بولۇر.

كېسەل بولغان كىشىنى زىيارەت قىل. كېسەل كىشىنىڭ ئۆيى مەيلى يىراق، مەيلى يېقىن بولسۇن زىيارەتنى ئۇنتۇما.

مېيىتنى قەبرىگاھقىچە ئۇزىتىپ بېرىپ، ما-

## تۇرمۇش مەسلىھەتچىسى

① گىنە — ئاداۋەت

تەمدارنى زىيارەت ۋە قوبۇل قىل.

ھېچبىر كىشىگە سىناپ باقماستىن ئىشەنچ باغلىما. بىر كىشىدىن دىيانەت، مۇرۇۋۋەت ۋە مىللەت توغرىسىدا نەچچە يول ئىمتىھان قىلمىساڭ، ئۇنى ئۆزسىرىڭدىن خەۋەردار قىلما.

ئۆزەڭگە راۋا كۆرمىگەننى باشقىلارغا ھەم راۋا كۆرمە.

ئەگەر ساڭا دۆلەت يار، بەخت مەدەتكار بولسا، ھوشيار بولغىن، تاكى غۇرۇر ساباسى، بىخوت بادەسى سېنى غاپىل قىلمىغاي، بەلكى ھەمىشە ئىبرەت كۆزى بىلەن نەزەر قىلماقنى ئادەت قىل. كېچە - كۈندۈزنىڭ ئىككى رەڭلىكىدىن غاپىل، بىخەۋەر بولۇپ، ئەزىز ئۆمرۈڭنى ئويۇن - كۈلكە بىلەن ئۆتكۈزمە.

ئاشنالارنىڭ يامانراقى شۇلكى—ئېغىر كۈنلەردە ئاشنا تەرەپكە باقمىسا؛ قېرىنداشنىڭ يامانلىقى شۇلكى—ئۇنىڭدىن غەيرى كىشىلەرگە نەپ تېگىپ، ئۆز قېرىنداشلىرىغا پايدا تەگمىسە؛ خاتۇننىڭ ناباپكارراقى شۇلكى—ئۆز ئېرى بىلەن ساز بولمىسا؛ پەرزەندنىڭ يامانراقى شۇلكى—ئاتا بىلەن ئانىغا ئىتائەت قىلمىسا؛ خىزمەتكارنىڭ ئوسالراقى شۇلكى—خۋاجەسىنىڭ خىزمىتىنى جان - دىل بىلەن قىلمىسا؛ سۆھبەتلەرنىڭ ناخۇش ۋە بىھۇدىسى شۇلكى—ھەمسۆھبەتلەرنىڭ كۆڭلى بىر - بىرىگە توغرا بولمىسا؛ تەننىڭ ياخشى ئەمەسلىكى شۇلكى—ھەمىشە رەنجۇر ۋە بىمار بولسا؛ شەھەرلەرنىڭ بۇزۇقراقى شۇلكى—ئاندا ئەمىنلىك، تىنچلىق ۋە ئەرزانلىق بولمىسا؛

كېرەملىك كىشى قەيەردە بولسا ئەزىز ۋە مۇكەررەم بولۇر. بېخىل، ھەسەتخور كىشى دائىم ئەلنىڭ لەنىتىگە گىرىپتار بولۇر. ھەر يەردە خار ۋە ئېتىبارسىز بولۇر.

ئەمىر ۋە ھاكىم كەبى چوڭ كىشىلەرگە لازىمدۇركى، مەستلىك ۋە بىھوشلۇق قىلمىغايسىلەر، غەپلەت چۈشكىدە يېتىپ، پاسىبانلىق كەلتۈرمىسە، ئانداق چوڭلار ئەلنىڭ غەزىپىگە قالۇر.

دۇنيادا تۆت نەرسە قاتتىقتۇر: بىرىنچى، قېرىلىقتا ئەلسىزلىك ۋە خارلىق؛ ئىككىنچى، مۇساپىرچىلىقتا كېسەللىك، ئۈچىنچى، كەمبەغەللىكتە قەرزدارلىق؛ تۆتىنچى، مۇساپىرەتتە رەپىقتىن ئايرىلماقلىق؛

بەش نەرسىنى غەنىمەت تۇت: بىرىنچى، ياشلىقنى قېرىلىقتىن ئىلگىرى؛ ئىككىنچى، ساقلىقنى كېسەللىكتىن ئىلگىرى؛ ئۈچىنچى، بايلىقنى قاشاقلىقتىن ئىلگىرى؛ تۆتىنچى، پاراغەتنى مەشغۇلىيەتتىن ئىلگىرى؛ بەشىنچى، تىرىكلىكنى ئۆلۈمدىن ئىلگىرى؛

ھەركىمكى تۆت ئىشنى قىلسا، تۆت نەرسىنىڭ بولماقلىقىغا كۆز تۇتسۇن: بىرىنچى، ھەر كىم ئارتۇق تاماق يېمەكلىككە ھېرىس قىلسا، كېسەل بولماققا كۆز تۇتسۇن؛ ئىككىنچى، ھەر كىم خاتۇنلار سۆھبىتىگە ھېرىس قىلسا، رەسۋا بولماققا ھازىر بولسۇن؛ ئۈچىنچى، ھەر كىم نادانلار سۆھبىتىگە ئىتىماد قىلسا، مۈلۈك ۋە دۆلىتىنىڭ نابۇت بولماقلىقىغا جەزم قىلسۇن؛ تۆتىنچى، ھەر كىم سەتەمكارلىق كاسىدا بىر ئىچكىلىك ئىچسە ۋە خۇمالىق بالاسىغا مۇپتىلا بولسا، ھەم ئەمەل باغىدا جاپا كۆچىتىنى تىكسە، ئۇقۇبەت ۋە ئازابتىن باشقا مېۋە كۆتەرمەس.

بىلىش لازىمدۇركى، ئۈچ خىل كىشى ھەمىشە غەمگە گىرىپتار ۋە بالاغا دۇچار بولۇر:

بىرىنچى، ئول كىشىنىڭ قىلمىشى دائىم يامانلىق بولسا؛

ئىككىنچى، ئول كىشى كۈچ - قۇۋۋەت بار چاغدا ياخشىلىق قىلمىسا؛

ئۈچىنچى، ئەندىشە قىلماستىن بىر ئىش قىلسا، ئۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى نادامەتلىك بولسا، ۋە يەنە ئۈچ كىشى ئۆزىنى رەنجى - مۇشەققەتكە سالۇر:

بىرىنچى، ئول كىشى جەڭدە ئۆزىدىن غاپىل بولسا، قاتتىق زەخمىگە دۇچار بولۇر؛ ئىككىنچى، ئول كىشى ۋارىسىز مال تاپتىم دەپ ھا-

uyghurkitap.com

رام مال يىغسا؛ ئۈچىنچى، قېرى كىشى ياش خاتۇننى نىكاھىغا ئالسا ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل باغلىسا، ئۇ خاتۇن ئاللىقانداق ئالادىن قېرى ئەرنىڭ ئۆلۈمىنى تىلىگەي.

يەنە ئىككى كىشىنىڭ ئىشى پايدىسىزدۇر:

بىرىنچى، مالنى تونۇمىغان يات كىشى ئالدىدا ئامانەت قويسا؛

ئىككىنچى، بىر ئەخمەق كىشىنى ئۆزى بىلەن دۈشمەننى ئوتتۇرىسىدا سۈلھىچى قىلسا؛ ۋە يەنە ئىككى كىشىنىڭ سۆھبىتىنى تەرك ئەتمەك ياخشىدۇر:

بىرىنچى، ئۇ كىشى ياخشى بىلەن يامانىنى باراۋەر بىلسە؛

ئىككىنچى، دىلى بىلەن تىلىنى، نىيەت بىلەن ئىشىنى بىر تۇتمىسا؛ ۋە يەنە ئالتە نەرسىدىن پايدىلىنىپ بولمايدۇ:

بىرىنچى، ئەمەلسىز سۆز؛ ئىككىنچى، خەيرسىز مال؛ ئۈچىنچى، تەجرىبىسىز دوستلۇق؛ تۆتىنچى، ئەجىرسىز ئىلىم؛ بەشىنچى، نىيەتسىز سەدىقە؛ ئالتىنچى، سالامەتسىز تىرىكلىك؛ ۋە يەنە يەتتە كىشىنى يەتتە جايدا سىنىغىلى بولغاي:

بىرىنچى، ئالىم كىشىنى تەقرىز ۋە مۇھاكىمىدە؛ ئىككىنچى، ئېسىل ئادەمنى جامائەت ھۆرمىتىدە؛ ئۈچىنچى، ئاشنانى ھاجەت كۈنلەردە؛ تۆتىنچى، دېھقاننى تېرىم ۋاقتىدا؛ بەشىنچى، سودىگەرنى ھېساب ۋاقتىدا؛ ئالتىنچى، ئۇلۇغلارنى غەزەپ زامانىدا؛ يەتتىنچى، پەھلىۋاننى ئۇرۇش مەيدانىدا؛

كىتابلاردىن رەتلىگۈچى: نىزامىدىن ھۈسەيىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: قۇربان مامۇت

## ئادەمنى سەسكەندۈرىدىغان قىلىقلار

(1) كىشىلەر ئالدىدا يۆتىلىپ - چۈشكۈرۈش، بۇرنىنى كوچىلاش؛

(2) ئاممىۋى سورۇنلاردا غەيرى ئاۋاز چىقىرىش، كېكىرىش، تامىقىنى چاكىلدىتىش؛

(3) ئاممىۋى سورۇنلاردا ئەينەككە قاراپ پەداز قىلىش؛

(4) ھەممىشە مودا قوغلىشىپ، ھەددىدىن زىيادە ياسىنىۋېلىش؛

(5) رەتسىز كىيىنىش، يۈزى ۋە تىرنىقى پاكىزە بولماسلىق؛

(6) باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش؛

(7) سۈنئىيلىك بىلەن سۆزلەپ، باشقىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقچى بولۇش؛

(8) ئىش قىلغاندا ئارقىنا سۆرەپ، ئىنزىلەڭگولۇك قىلىش؛

(9) مەلۇم مەسىلە ۋە ھادىسىلەرنى چۈشەندۈرگەندە، ئۆزىنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىغا ئاساسلىنىپ، يېنىكلىك بىلەن خۇلاسە چىقىرىپ قويۇش؛

(10) باشقىلارنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋېتىش ياكى گېپىنى تارتىۋېلىش؛

(11) باشقىلار گەپ قىلغاندا دىققەت بىلەن ئاڭلىماستىن، گەپ ئاخىرلاشقاندا يەنە بىر قېتىم تەكرارلىتىش؛

(12) تولا گەپ قىلىپ كىشىلەرنى بىئارام قىلىۋېتىش

(13) قۇرۇق گەپ سېتىشقا خۇشتار بولۇش، سۆزلەشكەندە باشقىلارنىڭ گېپىدىن قۇسۇر تېپىش؛

(14) دوستلىرىنىڭ ئالدىدا يالغان سۆزلەش؛

(15) باشقىلارنىڭ شەخسىي ئىشىغا ھەددىدىن زىيادە قىزىقىپ، ئىشىنىڭ تېگى - تەكتىنى كوچىلاپ سوراش؛

### تۇرمۇش مەسلىھەتچىسى

www.uyghurkitap.com



# چۈشنامە

## روزى سايىت

### مۇقەددىمە

كېچە كۆرگەن چۈشۈمنى،
خاتىرىلىدىم ئۆز پېتى.
ئىشنى ئالدىم ئىش پېتى،
سۆزنى يازدىم سۆز پېتى.

* * *

...بىر توپ ئۆسمۈر يول توستى،
كېتىۋاتسام ئالدىراپ.
«دەل ئۆزى شۇ...» دەپ، مېنى
تونۇۋالدى بىر قاراپ.

چۇرۇقلىشىپ بالىلار،
باشلىۋەتتى سۆزىنى.
—شائىرغۇسىز، —دېيىشتى،
تىكىپ ماڭا كۆزىنى.

يايدى دەرھال ئالدىمغا،
بىر گېزىتنىڭ بېتىنى.
كۆردۈم ئۇندا بىر چاتما،
ھەم ئۆزەمنىڭ ئېتىنى.

دېدى ئاندىن: «بۇ شېئىر،
سىزنىڭ ئىكەن، شۇنداقمۇ؟
ھۆكۈمەتنى ئالداشقا،
يۈز چىدىدى قانداقمۇ؟

دەپسىز: «ئۆسمۈر بالىلار،
مۇھتاج ئەمەس، غېمى يوق.
مەكتەپلىرى ئازادە،
سىنىپ يورۇق، كېمى يوق.

يەسلى تولا، باغچە كۆپ،
يېزا، ئايماق، كەنتتە.
مۇنار ياساپ ئوينايدۇ،
ئاقنان، ناۋات، قەنتتە...»

قەلىمىڭىز ياراتقان،
شۇ جاينى بىر دەپ بېرىڭ.
قەيەردىكى يېزا ئۇ،
بىزنى باشلاپ ئېپ بېرىڭ؟...»

تۇرۇپ قالدىم دۇدۇقلاپ،
جاۋابقا سۆز تاپالماي.
(شۇ سوراقلار قالسۇنمۇ،
ۋىجدانىمغا تاقالماي؟)

دېدى ئۇلار ئاخىرى:
«يېزىلارنى كۆزىتىڭ.
يېزىڭ رېئال تۇرمۇشنى،
يالغان گەپنى تۈزىتىڭ.

يېزىلاردا چوڭلارنىڭ
كۈنى ئۆتەر زەپ بەلەن.
ئىقتىسادىي سىياسەت،
ئۇچراشتۇرغاچ نەپ بىلەن.

ئەمما، بىزدەك كىچىكلەر،
مەئىشەتتىن يىراقتا.
نانغا تويدۇق چوڭلاردەك،
روھىمىز ئاچ، بىراقتا.

ئىنتىلىدۇ كۆپ ئىشقا،
مەنىۋى دىل بېغىمىز.
دەيمىز تېزرەك گۈل ئاچسا،
بۇ ئۆسمۈرلۈك چېغىمىز...

ئەپسۇس، سىلەر—شائىرلار،
بۇنى ئالماي ھېسابقا،

تەسەۋۋۇرنى يازدىڭلار،
توقۇپ، گېزىت، كىتابقا.

ماۋۇ بىزنىڭ خېتىمىز،
ئوقۇپ چىقىڭ ئېرىنمەي.
يوللاپ بېرىڭ گېزىتكە،
قالمىسۇن ئۇ بېرىلمەي!»

شۇنداق دېدى باللار،
بەش پارچە خەت تەگلىدى.
ئادرېسىنى سورىسام،
مۇنداق گەپنى تەڭ دېدى:

—«ئۆسەۋر» بىزنىڭ ئىسمىمىز،
دېھقانلارنىڭ بالىسى.
ھەر تەرەپتە ياشايمىز،
تۇتاش كەنتلەر ئارىسى.

ئىزدەڭ لازىم بوپقالساق،
بىزنى سەھرا-يېزىدىن.
ئادرېسىمىز تېپىلار،
خەتنىڭ مەزمۇن-ئۆزىدىن.

كەتتى ئۇلار،
مەن قالدىم،
بەش پارچە خەت قولۇمدا.
ۋاراقلىدىم خەتلەرنى،
ئولتۇرۇپلا ئورنۇمدا.

باشتا ئاستا، كېيىن ئۈنلۈك،
باشلىۋەتتىم ئوقۇشنى.
(ئۇلار قورقماي دادلانسا،
مەن ئويلامتىم قورقۇشنى؟)

### بىرىنچى خەت

—دەردى بارمۇ گۆدەكنىڭ،
ئىشەنمەيمىز، يالغان گەپ...
دەيسىلەرغۇ، دەردمەن بىز،
بۇ خەتتە بار قالغان گەپ.

* * *

ئاڭلاپ قالدۇق يېقىندا،
(خەۋىرىمىز يوق بۇرۇن.)
شەھەرلەردە بار ئىمىش،
«يەسلى» دېگەن بىر ئورۇن.

ئاشۇ «يەسلى» دېگەنگە،
كىرىدىكەن بىزدەكلەر.

كۈلۈپ، ئويناپ ياشاركەن،
ئۈچ، تۆت ياشلىق گۆدەكلەر.

قوشنىمىزنىڭ تۇغقىنى،
كەلدى بۇ ياز يەسلىدە.
ئېيتىشىچە، بالىسى
ئويناپ قاپتۇ يەسلىدە.

دېدى: «ئۇنى ئايى ① لار،
ئەتىۋارلاپ باقىدۇ.
يىغلاتمايدۇ، پە - پەلەپ،
مەڭزىگە لەۋ ياقىدۇ.

دوستلىرى كۆپ بەك ئوماق،
ئىجىل - ئىناق يايرايدۇ.
تىلى پىششىق، سۆزلىسە—
تومۇچۇقتەك سايرايدۇ.

ئۈستىبېشى پاكىزە،
چاڭ قونمايدۇ يۈزىگە.
ئوينار قايسى ئويۇنچۇق—
ياقسا، تاللاپ ئۆزىگە.

يېزاڭلاردا ئەجەبا،
قۇرماپتىمغۇ يەسلىنى؟
ئويلىمىسا بولامدۇ،
كىشىلەر ئۆز نەسلىنى؟...»

ئاڭلاپ ئۇنىڭ سۆزىنى،
ھاڭ-تاڭلىقتا جىم بولدۇق.
بىزمۇ شۇنداق بالىغۇ،
بىراق، پەرق چوڭ، نىم بولدۇق؟

يەسلى شۇنداق ياخشىكەن،
كۈن ئۆتەركەن خۇشلۇقتا.
ئۇنى قۇرساق بولماسمۇ،
چوڭ خاماندا-بوشلۇقتا.

ماخو بىكار، (ھۆددىگە
بېرىلگەچ ئات-كالىلار)،
شۇنى يەسلى قىلسىمۇ،
خۇش بولاتتى باللار.

دەڭلار ئاتا-ئانىلار،
گېپىمىزنى ھار ئالماي.

---

① يەسلى تەربىيەچىسى

قاچانغىچە يۈرىمىز،
بېقىش، پەرۋىش تاپالماي؟

ئىشىكنى سىرتتىن قۇلۇپلاپ،
كېتىسىلەر ئېتىزغا.
سىلەر ئىشتىن قايتقىچە،
نان سالمايمىز ئېغىزغا.

يىغىم-تېرىم ۋاقتىدا،
تېخىمۇ تەس كۈنىمىز.
ئاختامىلىقتا ئېغىناپ،
بوغۇلىدۇ ئۈنىمىز.

يازدا چىۋىن تالايدۇ،
قىشتا سوغۇق قىينايدۇ.
«يەسلى» دېگەن جەننەتنى،
كىم بىزلەرگە قىيمايدۇ.

دەردىمىز شۇ: شەھەردەك،
يەسلى بولسۇن بىزدىمۇ.
قاچاندىراق بولار ئۇ،
يازدىمۇ، يا كۈزدىمۇ؟؟...

## ئىككىنچى خەت

تولغان بىزنىڭ ئىچىمىز،
باللارچە دەرد بىلەن.
ئۇنى ئىزھار قىلىمىز،
مۇشۇ دەردلىك خەت بىلەن.

*

«يېزىمىزغۇ باغچىدەك،
مېۋىزارلىق، دەرەخلىك.
ھويلىلىرى گۈلزارلىق،
يول بويلىرى تېرەكلىك.

ئەمما بىزگە لازىمى،
باللارنىڭ باغچىسى!»
دەيدۇ شۇنداق سەھرالىق—
ئۈسمۈرلەرنىڭ بارچىسى.

كىرىپ قالدۇق بۇ يىل بىز،
ئالتە ياشقا، بەش ياشقا.
شۇڭا بىر ئاز ئەقلىمۇ،
پەيدا بولدى بۇ باشقا.

ئاشۇ ئەقىل كۈچىدىن،
نۇرغۇن سوئال تۇغۇلار.
سوئالىمىز جاۋابسىز—
قېلىپ، قەرزگە بوغۇلار.

شۇ جاۋابسىز سوئالنىڭ—
دەپ باقايلى بىرىنى.
بىلگۈچىلەر يوشۇرماي،
يېشىپ بەرسۇن سىرىنى.

بىر يەكشەنبە ھەممىمىز،
كۆرمەك بولدۇق تېلېۋىزور.
(ئىدى مۇراد ئاداشنىڭ
تېلېۋىزورى بەك پۇزۇر).

توك ئۇلاندى چاتقۇچقا،
ياندى ئېكران «لاپ» قىلىپ.
چىقتى «گاژ-گۇژ» ئاۋازلار،
ھەر تەرەپكە تارقىلىپ.

بولدى سۈرەت ھەم پەيدا،
دىلنى زوقتا تولدۇرۇپ.
ھەيران قالدۇق، ئېكرانغا
تىكىلىپ، جىم ئولتۇرۇپ.

كۆرسىتىشتى ماھارەت،
كىچىككىنە «پىنەك» لەر.
ئۇقساق ئىكەن ھەممىسى،
«باغچە» دىكى گۇدەكلەر.

ماھىر ئىكەن ئۇسسۇلدا،
ساز چېلىشنى بىلەركەن.
تۈرلۈك-تۈرلۈك ھۈنەرلەر،
قولىدىن ھەم كېلەركەن.

ئۇلار يەنە بەسلەشتى،
ساناتلارنى دېيىشتە.
مۇسابىقە قىلىشتى،
كىيىمنى تېز كىيىشتە.

سالدى مودېل ئىمارەت،
ۋېلىسىپىتتە چېپىشتى
تېپىشماقلار بېرىلسە،
ئازماي جاۋاب تېپىشتى.

ئاخىرىدا يېتەكچى،
«يەڭگەن» لەرگە «100» بەردى.
بىز تەسەۋۋۇر قىلىمىغان،
تالاي ئىشلار يۈز بەردى.

تۈگمەنلەدە تېلېۋىزور،
جىمىپ قالدۇق بەرىمىز.
ئويلىدۇق: «شۇ دوستلارغا
ئوخشىمايدۇ نەرىمىز؟»

بىزمۇ بولساق شەھەردە،
بولۇپ «باغچە بالىسى».
تولماسمىدى تېخىمۇ،
ئەقلىمىزنىڭ چالىسى.

نىچۈن يېزا-سەھرادا،
«باغچە» ئاتلىق ئورۇن يوق؟
ھازىر زامان ئوخشالسا...
(دەيلى، بوپتۇ، بۇرۇن يوق.)

يېزىدىكى بالىلار،
ئېتىباردىن چەتتىمۇ؟
ياكى يېزا ئۆسمۈرى،
ئەستىن چىقىپ كەتتىمۇ؟!

باب ئەمەسمۇ يېزىغا،
شۇ «بالىلار باغچىسى»؟
باب بولسا گەر ساناڭلار،
باغچىدىن بار قانچىسى؟؟...

## ئۈچىنچى خەت

بىزدەكلەرنىڭ ئەرزىنى،
تىڭشايدىغان جاي بارمۇ؟
بېشىمىزنى سىلاشقا،
كېرەم① دەك مەرد باي بارمۇ؟

* * *

يېزىمىزنىڭ مەكتىپى،
مەلىنىڭ چەت-تېشىدا.
غېرىبسىنىپ، قىڭغىيىپ،
تۇرار مەسچىد قېشىدا.

مەكتىپىمىز ۋەيرانە،
ئەتراپىدا تېمى يوق.
ئون قەدەملىك مەيداندىن
توپا ئۆرلەر-نېمى يوق.

ماۋۇ بىزنىڭ سىنىپلار،
ئاچا قويغان تېمىغا.
يېپىلمايدۇ ئىشىكلىرى،
سۈرۈپ كەتكەچ نېرىغا.

دېرىزىسى شادىلىق،
توسالمايدۇ شامالنى.
(ئېتىۋەتتۇق، سوغۇققا
قىلالماي ھېچ ئامالنى).

نۇر، يورۇقلۇق كۆرمەيمىز،
سىنىپ شۇنچە قاراڭغۇ.
شۇڭا بىزنىڭ چېھرىمىز،
ھەم سېرىق،ھەم ياداڭغۇ.

ئويداڭ چوڭقۇر دوسكىمىز،
كاكىل لايدا سۇۋالغان.
خەت يازىمىز كۆمۈردە،
سېغىزمۇ بار ئۇۋالغان.

ئورۇندۇقنى تاش تىزىپ،
راسلىۋالغان ئۆزىمىز.
ئۆرۈلىدۇ ناۋادا،
تېگىپ كەتسە تىزىمىز.

ئولتۇرىمىز بەش-بەشتىن،
ھەر پارتىغا تىقىلىپ.
قىمىرلاشقا ئامال يوق،
كېتىدۇ جان ئىسقىلىپ.

دەيمىز قاراپ تاملارغا،
«ئۈستىمىزدىن باسارمۇ؟
بۇ خەتەرلىك مەكتەپنى،
پاتراق ئوڭشاپ ياسارمۇ؟

تېز ئەمەلگە ئاشمىسا،
(تۆت بىر ئازدىن چىقىرىش) ②
تەس بولغىدەك سىنىپنى،
مۇشۇ يازدىن چىقىرىش.

تېپىلاركەن ياغاچ، تاش،
يوغان مەسچىد سالغىلى.

---

① خوتەن ناھىيەسىدىكى كېرەم ئىسىملىك دېھقان 40 مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ ئۆز يېزىسىغا مەكتەپ سالغان.

② دۆلەت، يەرلىك مالىيە، كوللېكتىپ ئۈچ كەنت بىر ئازدىن مەبلەغ چىقىرىپ، ماتېرىيالغا مەبلەغ سېلىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قاچان چىقار مەرد ئادەم،
بىزنى ئەسكە ئالغىلى؟...»

مانا شۇنداق ھالىمىز.
زارلىنىمىز كەچكىچە.
قۇتقۇزۇڭلار خەتەردىن،
بىزگە خەۋپ يەتكىچە!!!

## تۆتىنچى خەت

بىزگە لازىم ئىلىم-پەن،
ئەرزىمىزنى سوراڭلار.
ئورتا مەكتەپ سىرتىدا،
قېپ قالدىغۇ بالاڭلار؟!

* * *

باشلانغۇچنى تۈگەتتۇق،
«ياخشى»، «ئەلا» باھادا.
تولۇقسىزدا ئوقۇيمىز
دېدۇق خوشال تامادا.

ئەمما، خۇشلۇق يوقالدى،
تاما قالدى ئۆز پېتى.
شۇم خەۋەردىن مۇزلىغاچ،
يۈرەكلەرنىڭ قات-قېتى.

باشلانغۇچنى تۈگەتكەن
بالا بۇ يىل جىق ئىمىش.
تولۇقسىزنىڭ سىنىپى،
بىكار ئەمەس، لىق ئىمىش.

كۆپەيتكىلى بولمايمىش،
كۆرسەتكۈچنى - ساناق ① نى.
ھەل قىلىش بەك تەس بولغاچ،
سىنىپ، تاماق، ياتاقنى.

بارغانىدۇق ھال ئوقۇپ،
بىز مۇدىرنىڭ قېشىغا.
ئۇ بىزدىنمۇ دەردمەنكەن،
ئاغرىق چۈشتى بېشىغا.

دېدى: «بىزمۇ ئامالسىز،
ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق.
بەش سىنىپلىق مەكتەپ بۇ،
توشتى پىلان - سان تولۇق.

بەشيۈز بالا چىقتىڭلار،
باشلانغۇچنى تاماملاپ.
ئىككى يۈزنى سىغدۇردۇق،
مەكتەپكە بىر ئامالLاپ.

ساۋاقداشلار تېپىڭلار،
يۇرت چوڭىنى ياخشىسى.
مائارىپقا مەسئۇل ئۇ،
قول تىقمايدۇ باشقىسى.»

يۇرتىنىڭ چوڭى دېگىنىمىز،
باشلىقىمكەن يېزىنىڭ.
ئېيتىۋىدۇق ئەھۋالنى،
دەردىن تۆكتى ئۆزىنىڭ.

ئېيتتى: «بىزنىڭ يېزىدا،
تولۇقسىزدىن بىرى بار.
توشۇپ كەتتى سىنىپى،
باش ئاغرىتماي نېرى بار!

چىقىپ بولدى ساۋادىڭ،
يەنە قانداق «ئوقۇش»ئى-ۇ؟
دېۋەگەنگە ئاقمايدۇ،
نان بولمىسا ئوقۇشمۇ!

ھەممىڭ كەتسەڭ مەكتەپكە،
كىم تېرىيدۇ ئېتىزنى.
چوڭۇپ قالدىڭ، دېھقان بول،
غېرىچلىماي ئېغىزنى!...»

* * *

ئىش مۇشۇنداق يېزىدا،
مەكتەپ، سىنىپ، پارتاكەم.
مۇئەللىملەر ئامالسىز،
«يۇرت چوڭى»غا نېمە غەم؟

بىلىم ئالساق، ئوقۇساق،
ئاڭلىق دېھقان بولمامتۇق؟
ئىلمىي ئۇسۇل ئارقىلىق،
ھوسۇلنى كۆپ ئالمامتۇق؟

ئۆتكۈلۈكمۇ ھەمىشە،
نادانلىقتا بوغۇلۇپ.
شارائىتتىن قىسىلدۇق،
يېزىلاردا تۇغۇلۇپ.

① يۇقىرىدىن چۈشۈرۈلۈپ بېرىلگەن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كۆرسەتكۈچى

بولسۇن دەيمىز بىزگىمۇ،
تولۇق ئوقۇش ئىمكانى.
ھەل بولىدۇ قاچاندا،
بالىلارنىڭ ئارمانى؟!....

## بەشىنچى خەت

ئاتىمىزمۇ پارتىيە،
ئانىمىزمۇ پارتىيە.
پارتىيىدىن تىلەيمىز،
باشپاناھلىق ـ تەربىيە.

* * *

دەيدۇ بىزنى كۆرگەنلەر،
«ئەسكى، كوچا بالىسى.
ئەسكى بولغاچ ئۆيىدىن
ھەيدىۋەتكەن ئانىسى....»

ئانىمىز يوق بىزنىڭكى،
دادىمىز يوق بىزنىڭكى.
ئۆيىمىزمۇ يوق ھەتتا،
بولغان بىلەن سىزنىڭكى.

«ئاتىلىقلار راھەتتە،
ئانىلىقلار راھەتتە.
بىزدەك يېتىم غۇربەتتە» ①
ناخشىمىز شۇ ئادەتتە.

پۇتىمىزدا ئاياغ يوق،
چاچلار ئۆسۈك گەدەندە.
يۈز ـ كۆزىمىز ياش يۇقى،
بىر ئىلىك كىر بەدەندە.

تويۇپ تاماق يېمەيمىز،
كۈلۈش نېمە، بىلمەيمىز.
باش تىققىدەك ماكان يوق،
داق يەردىلا تۈنەيمىز.

نان تىلىسەك ناۋايدىن،
قايرىپ قويۇپ ئىزانى؛
ئۇرۇپ، تىللاپ قوغلايدۇ،
ـــ بىكار قىل، ـــ دەپ بازارنى.

«كىچىك تۇرۇپ كۈنۈپتۇ، ـــ
دەيدۇ، ـــ بىكار تاماققا.
سولىۋەتسە ھۆكۈمەت،
بۇ شۇملارنى قاماققا....»

سولانساقمۇ سولانساق،
سىرتتا توڭۇپ يۈرمىسەك.
ئاھانەتسىز نان يېسەك،
خورلۇق، جاپا كۆرمىسەك.

كۈچ ياغاركەن ئاڭلىساق،
دادىمىزنىڭ بەستىدىن.
ۋاپات بوپتۇ ئېغىر ئىش،
كەم ماغدۇرلۇق دەستىدىن.

يەپ كەتكەنىكەن بىر چاغدا،
ئاكىمىزنى «ئىنقىلاب».
قازا قىپتۇ ئانىمىز،
شۇ سەۋەبتىن دەرد تالاپ.

ھېساب بوپتۇ ئۆيىمىز،
ئاش ـ تەمىنات قەرزىگە.
يىقىۋاپتۇ، دادلانسا،
قۇلاق سالماي ئەرزىگە.

ئۆتتى يىللار، قېپقالدۇق،
ئۆي ـ ماكانسىز، بېقىمسىز.
چىقتۇق ئاخىر كوچىغا،
ئەپتىمىز سەت ـ يېقىمسىز.

ئىچ ئاغرىتىپ بەزىلەر،
ياشىمۇ تۆكتى كۆزىدىن.
مۇنداق گەپنى ئاڭلىدۇق،
ياش ئارىلاش سۆزىدىن:

ـــ يىغقان بولسا يېتىمنى،
دارىلئېتام ② دېگەنگە.
خەلق ئىشلار ئورگىنى،
نەزەر سېلىپ تۆۋەنگە.

يېتىملارنى ئىسسىتسا،
يېڭى زامان ئاپتىپى.
قۇرۇپ بەرسە ئۇلارغا،
يېتىم ـ يېسىر مەكتىپى...

بۇنى ئاڭلاپ ئۈمىدتە،
پىكىرلەشتۇق، شادلاندۇق.

---

① خەلق قوشىقى

② يېتىم بالىلار مەكتىپى

www.uyghurkitap.com

پۈتكۈل يېتىم باللار،
ھۆكۈمەتكە دادلاندۇق:

— ئانا بولۇپ ھۆر زامان،
باسسا بىزنى باغرىغا.
يۈرمىسەكتى تەلمۈرۈپ،
خەق ئىشىكىدە زاغرىغا.

ھەرگىز چېنىپ قالمىسا،
ئاتا - ئانىنىڭ يوقلۇقى.
چىقسا چىراي - يۈزلەرگە،
كۆڭلىمىزنىڭ توقلۇقى.

كۈلۈپ خۇشال ياشىساق،
مىليون ئۆسمۈر قاتارى.
چېچەك ئاتسا قايتىدىن،
ئۆسمۈرلۈكنىڭ باھارى.

بىزمۇ كۆرسەك تەربىيە،
ئىش ئۆگەنسەك، ئوقۇساق.
ھەم يېتىلسەك يارامىلىق،
تەن بېجىرىم، ئەقلىي ساق.

يېتىملارغا كىم كېپىل،
كىم ئاڭلايدۇ ئەرزىنى؟
تۆلىسىكەن يېتىمنىڭ
ئالدىدىكى قەرزىنى ؟! ...

**خاتىمە**

كېچە كۆرگەن چۈشۈمنىڭ
تەبىرىنى تاپالماي،
قولۇم تىترەپ، پاپىروسقا
سەرەڭگىنى چاقالماي؛

تەستە تۇردۇم ئورنۇمدىن،
بېشىم ئېغىر، دىلىم غەش.
پىچىرلىدىم: «ھە، قېنى،
خەت سىرىنى ئۆزەڭ يەش؟ ...»

سىرىن يەشمەك تەس ئىكەن،
يايىدىم دەۋر ئالدىغا.
چۈشەنگەنلەر دەپ بېرەر،
ئۆزىنى ئالماي دالدىغا.

1986 - يىل نويابىر. خوتەن

## بىچارە

رەخىم قاسىم

بىچارە،
تەختىكە ئولتۇرۇشقا بولدى سەكپارە.
بىرسىنى كۆيدۈرۈپ،
بىرسىنى چۆكۈرۈپ،
بىرسىنى كۈلدۈرۈپ،
بىرسىنى كۆپتۈرۈپ،
ئىشلەتتى بۇ ئىشتا كۆپ ھىيلە - چارە.
تەختىنىڭ پەگاسىغا يېتىپمۇ كەلدى،

تەختكە چىقىشقا كۆزىمۇ يەتتى،
سەۋر - تاقەتنى تامام تەرك ئەتتى،
تەخت ئۈچۈن تېخىمۇ بولدى مەستانە.
ئۇنتۇدى پۈتكۈل جاھاننى،
ۋىجداننى،
ئىنساننى،
ئاتا - ئانا، يار ۋە تۇغقاننى،
ئۇنتۇدى بۇرنىدىن ئېتىلغان قاننى،
ھەتتا ھەلقۇمغا كېلىپ قالغان جاننى،
تەخت ئوت بولدى ئۇ بىر پەرۋانە.
كەلدى مانا ئېغىر ئاقىۋەت،
ئەجەل قولىنى سوزدى شۇ سائەت،
ئەجەل - بى شەپقەت،
قىلمىدى ھىممەت،
قانچە يېلىنىپ قىلسىمۇ نالە.
بىچارە،
تەختكە ئولتۇرۇشقا بولغان ئاۋارە،
يەتتى ئاخىرى ئەشۇ نىيەتكە؛
ئولتۇرۇپ جىنازىغا تۆت پۇتلۇق تەختكە،
ئۆزىدى لەھەتكە،
كەتتى ئەبەدكە،
بۇنىڭغا بار دەيسەن نېمە چارە؟!
ھەي، بىچارە ... بىچارە ...

مەسئۇل مۇھەررىرى: قۇربان مامۇت




(پوۋېست)

(بېشى ئۆتكەن سانلاردا)

نوختى ئايۇپ

## 7

— پۇلنىڭ ئىشى قانداق بولدى شاۋجاڭ؟

— قانداق بولاتتى؟ پۇلغا ئۇزاتقان قولۇمنى بۇرنۇمغا تىقىپ يېنىپ چىقتىمشۇ.

— بۇ قانداق گەپ؟ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش چىقىمى ئۈچۈن ئىسمىيەت تۈزۈپ كېلىڭلار دەپ ئۆزى ئېيتقانغۇ؟

— بىزمۇ يامان چاغدا بېرىپ قاپتىمىز، ئۇلارنىڭ بېشى سارالڭ ۋاقتىكەن ئەمەسمۇ ھازىر.

ھارۋا ئۈستىدە ئىككىسىنىڭ پاردىگىغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان كامال شۇجى مۇنۇ كۆكۈش ساقال، سۇپۇرگە قاش، توقماق بۇرۇن، مىس چىراي، چىگىت كۆز، يېشى ئەللىكلەرگە تاقىلىپ قالغان ئادەمنىڭ قايسىبىر مەكتەپنىڭ مەسئۇلى، ئۇنىڭ يېنىدىكى ئۈچ - تۆت تېگىق كىتابنى ئاستىغا قويۇپ، چوقايغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئاق پىشماق، زىلۋا بوي، قاڭشا بۇرۇن، تاماكىنى تولا چەككەنلىكتىن ئىنىچكە بارماقلىرى سارغىيىپ كەتكەن ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى يىگىتنىڭ شۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدى.

ئۈچ ئات قوشۇلغان قۇرۇق پىگىلو ھارۋا ناھىيە بازىرى سىرتىدىكى ئاخىرقى بۆك تېرەكلىك ئارىسىدىن گاھى بىر چاغلاردا كېلىدىغان كەلكۈننى ھېسابقا ئالمىغاندا يىلىنىڭ تۆت پەسلىدە سۇسىزلىقتىن قاغجىراپ ياتىدىغان تاقىر سايغا چىقتى. ھارۋىكەش — چوقاينىڭ سول تەرىپىدە ئاستىغا كونا چىپتە تاغارنى سېلىۋېلىپ پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان، ئاق سىيامىبۇ كۆڭلىكى ئاچچىق تەردىن سارغىيىپ شورلاشقان، تىلىم - تىلىم قورۇق بىلەن پورلاشقان گەجگىسىگە بېدە ئۇۋاقلىرى چاپلىشىپ قالغان، كىر دوپپىلىق، كۆك كۆز، سېرىق، ئورۇق ئادەم ئۆز ھارۋىسى بىلەن بەنت.

— نېمە بوپتۇ ئۇلارغا، جۇيجاڭ ئالمىشامدىكەن يا؟ — دەپ سورىدى ئوقۇتقۇچى يېنىغا بۇرۇلۇپ.

— ياقەي، — شاۋجاڭ قولىدىكى تاماكىسىنى بىر - ئىككى شورىدى، — قۇربان ئەلىنىڭ ژۇرنالغا بېسىلغان ھېلىقى ھېكايىسى ئۇلارنى ئارقىسىغا ئۈچۈرۈۋەتكەن بولمامدۇ.

— ھا ... ھا ... ھا ... يېغىرى ئېچىلىپ كېتىپ ئولتۇرالماي قاپتۇ - دە، بىز ئۇ ھېكايىنى ئوقۇپلا شۇنداق دېيىشمىگەنمىدۇق.

— بۇ غەۋغانى ئەڭ ئالدىدا كېرىم بۇجاڭ تېرىپ، يېڭى كەلگەن شۇجىغا بېرىپ چاقىقانىمىش.

— توۋا دەيمەن، — ئوقۇتقۇچى يېنىغا بۇرۇلۇپ بىرنى تۈكۈردى، — تەشۋىقات بۆلۈم بۇجاگى بولسۇن، بىر ئەدەبىي ئەسەرنىڭ توغرا - خاتالىقىنى ئايرىيالمىسۇن. شۇنداق دۆت - نادان نېمىلەرنى قۇربان ئەلىدەك ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ قويغان باشلىقىنىڭ كۆزى يوقمىكىن؟

— قىزىق سۆزلەيدىكەنسىز، — شاۋجاڭ ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويۇپ داۋام قىلدى، — پارتىيىنىڭ كادىرلار سىياسىتى نېمە، تۈۋەندە ئىجرا قىلىنىۋاتقىنى نېمە؟ مەن مۇنداق ئىشلارنى تالاي كۆرگەن. ھەي ... نىياز قارى ئۆلگەندەك قالدىمۇ نېمە؟ ئاتلىرىڭغا بىر قامچا سالماسەن، بۇ مېڭىشىڭدا مەھەللىگە كەچكىچىمۇ يېتىپ بارالمايمىز. ئىسسىقتا قالىمىز.

ھارۋىكەش شاۋجاڭغا قاراپ سېرىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ئۈنسىز ھىجىيىپ قويدى. ئاندىن چوقايغا يۆلەپ قويغان تىۋىلغا دەستىلىك قامچىسىنى ئاتلارنىڭ ئۈستىدە ئوينىتىپ «چۇ !» دېدى. خېلىدىن بېرى بۇرنىنى كۆكۈيۈندىن قاچۇرۇپ، بېشىنى ئىچىگە تىقىشىۋالغان ئاتلار، ئەمدى قۇلاقلىرىنى شىڭتايتىپ، قوم، شېغىل ئارىلاش ھارۋا يولىدا قوپال سوكۇلداشقا باشلىدى. شاۋجاڭ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ دېدى:

— ناھىيىگە بىر باشلىق كەلدىمۇ، ئالدى بىلەن قىلىدىغان ئىشى ئۆز يېقىنلىرىنى ئەتراپىغا توپلاش، ئۇلارنىڭ كادىر ئۆستۈرۈشتە كۆزدە تۇتىدىغىنى بىر كادىرنىڭ پەزىلىتى، بىلىم سەۋىيىسى، قابىلىيىتى ئەمەس، ئۆزىنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان، ئاڭلىمايدىغانلىقى، مانا بۇ چوڭ توپ ئۆلچەم. كېرىم بۇجاڭنى ئالايلى، ئۇ قانداق قىلىپ تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۇجاڭى بولۇپ قالغان ؟— ئۇ يولبويى ئۆزلىرىنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ ئۈندىمەي ئولتۇرغان كامال شۇجىغا شۈبھە بىلەن قاراپ قويدى، — بولدىلا ... ئۇ تەرىپىگە ئۆتمەيلى ... ھى ... ھى ... ھى ... ئۇكام ئۆزلىرى ؟

— يولۇچى، — دېدى كامال شۇجى چىرايىنى ئۆزگەرتمەي.

— ئۇرۇق - تۇغقان يوقلاپ كېتىۋاتامىلا؟

— ياق، يۇرت ئارىلاپ.

شاۋجاڭ كامال شۇجىنىڭ ئاددىي ئۈستىبېشىغا، قولىدىكى سېرىق سومكىسىغا سەپسالدى:

— ئىشلەمچى دېسىلە، تام سېلىشقا قانداقراق؟

— ئاسان ئىش.

— ھەتتىنگىنەي ....، — شاۋجاڭ خورسىنىپ قالدى، — پۇلىمىز ھەل بولغان بولسا مەكتەپنىڭ ئارقا قورۇق تېمىنى سىلىگىلا ھۆددىگە بېرەركەنمىز. سىلە خەققە پۇللا بولسا بولدى، سىياسەت، پىياسەت، شۇجى، بۇجاڭ دىگەنلەر بىلەن كارىڭلار يوق، ئەمما بىز مۇئەللىم خەق سىياسىي پاراڭغا ئامراق. قامىلاشسا - قامىلاشمىسا سۆزلەپ تۇرمىساق ئاغزىمىز قىچىشىپ توختاتمايدۇ. ئالتە ئاي بولدى، سۆزلەيلى دېسەك ئوقۇغۇچى يوق، ئەسكىرى يوق گېنېرال بولۇپ قالدۇق ھا ... ھا ... ھا ... ئىچ پۇشۇقىدا ئۇنى تىللايمىز، بۇنى قاسايىمىز، كېرىم بۇجاڭ دەپ ئاڭلىغانمۇ؟ بىكار ئولتۇرغىچە ئۈچىڭلەرگە لەتىپە ئېيتىپ بېرەي، ئەمما بۇ نەسىردىن ئەپەندىنىڭ لەتىپىسى ئەمەس، كېرىم بۇجاڭنىڭ. بىر يەكشەنبە كۈنى ناھىيە رەھبەرلىرى، جۈيجاڭ، بۇجاڭلار بارات چامغۇرنىڭ بېغىغا كاۋاپ يېگىلى چىقىپتۇ، — دەپ لەتىپىسىنى باشلىدى شاۋجاڭ، — گەپتىن گەپ چىقىپ مىسىردىكى پىرامىدانى كىمنىڭ ياسىغانلىقى توغرىسىدا تالىشىپ قاپتۇ. بىر ھاكىم قوپۇپ، ئۇنى بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرىكى ئىگىپىتلىقلار ياسىغان دېسە، بىر جۈيجاڭ قوپۇپ، ياق، مەن بىر ماتېرىيال كۆردۈم، ئۇنى باشقا پىلانىتتىن كەلگەن ئادەملەر ياساپ چىققانمىش دەپتۇ. ئۇلار خېلىغىچە تالىشىپمۇ بىر - بىرىگە قايىل بولماپتۇ. «توختاڭلار! — دەپتۇ شۇچاغدا كېرىم بۇجاڭ قوپۇپ، — بۇ ھەقتە مەركەزنىڭ ئېنىق ھۆججىتى بولمىسا، تالىشىپ نېمە قىلىسىلەر» ھا ... ھا ... ھا ...

ئېھتىمال ھارۋىكەش بۇ لەتىپىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىگەن بولسا كېرەك، چوقايغا يۆلىنىپ

www.uyghurkitap.com

مۆگدىگىنىچە جايىدىن قىمىرلاپمۇ قويمىدى، ئەمما ئۈچەيلەن قاقاھلاپ، ئۈچەيلىرى ئۈزۈلگىچە كۈلۈشتى.

— ھە ... ئىككىنچىسى .... — دېدى ئوقۇتقۇچى كۆزلىرىدىكى يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ.

— ئىككىنچىسى ... بىر كۈنى كەچتە سەنئەت ئۆمىكىدە مۇزىكا كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلىۋاتقانىكەن، كېرىم بۇجاڭ مۇزىكانتلارغا قارىسا، بىر تۇرۇپ ھەممەيلەن تەكشى چېلىۋاتقىدەك، بىر تۇرۇپ نەيچىسى نېيىنى چالسا، قالغىنى توختاپ قالغۇدەك، بىر تۇرۇپ داپچىسى توختاپ يۈزىدىكى تەرلىرىنى سۈرتكىلى تۇرغىدەك. «توختاش! ھۇ نان قېپىلار! ....— دەپ ۋارقىراپتۇ كېرىم بۇجاڭ غەزەپتىن — ھەندىگە ئېتىلىپ چىقىپ، — بىرىڭ چالساڭ، بىرىڭ توختايسەن، كىمىڭنى ئەخمەق قىلمىشسەن، ھۆكۈمەتنىڭ مائاشىنى ئېلىش دېسە خۇي ئېلىشسەن، ئەمدى ساز چېلىشمۇ خۇشياقمامدۇ سەنلەرگە! چالساڭ ھەممەڭ توختىماي تۈزۈك چېلىش! بولمىسا چالمايدىغىنىڭ بېرىپ ئېشىكىڭنى بېقىش!»

ھارۋا ئۈستىدە قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى، كامال شۇجى قورسىقىنى قامالاپ ھارۋىنىڭ كەينىدىكى قۇرۇق بېدە ئۈستىدە دومىلاشقا باشلىدى.

— مۇشۇنداق ئىش، — دېدى شاۋجاڭ خېلىدىن كېيىن كۈلكىسىنى توختىتىپ، — ئەشۇنداق ئادەم تېخى ھازىرغىچە بىزنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمىمىزگە بۇجاڭ!

— مەنمۇ بىرنى ئېيتىپ بىرەي، — دېدى ياش ئوقۇتقۇچى قىزىشىپ.

— خورەكنىڭ لەتىپىسىمۇ؟

— ھەئە.

— سۆزلەڭ، سۆزلەڭ، يەنە بىر ئاڭلايلى ئۇنى، — دېدى شاۋجاڭ بېشىدا غۇڭۇلداۋاتقان كۆكۈيۈنى قورۇۋېتىپ.

— ئەمما بۇ كېرىم بۇجاڭنىڭ خوتۇنى ئەختەر زەنجاڭ توغرۇلۇق، — دېدى ياش ئوقۇتقۇچى كامال شۇجىغا ئىزاھات بېرىۋېتىپ، — بۇ ئۇزاقى يىل يازدا بولغان ئىش. ئۇ چاغدا ئەختەرخان ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلىدا دېكتور بولۇپ ئىشلەيدىغان چاغ، بىر كۈنى ئۇ مىكرافون ئالدىدا بىرپارچە گېزىت خەۋىرىنى ئوقۇۋېتىپ، نېمە قىپتۇ دېمەمىلا، ئاستا — ئاستا ئۈگدەك بېسىپ، جوزىغا بېشى ساڭگىلاپ، بىردەمدىلا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. بىز شۇچاغدا بەش — ئالتەيلەن مەكتەپنىڭ ئالدىدىكى قېرى سۆگەت تۈۋىدە ئولتۇراتتۇق، بىردىنلا ئاڭلىنىش توختاپ قالدى، كاناي دەسلەپتە سەل گىژىلدىغاندەك قىلدى، ئاندىن كىچىك بالا دۈۋساق پۈۋلىگەندەك غەلىتىلا بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، ئاخىرىدا شۇنداق بىر دەھشەتلىك خورەك ئاڭلىنىپ كەتمەسمۇ، ھەممىمىز ھەيران بولۇپ كانايغا قاراپ چەكچىيىپ قېتىپ قاپتۇق. كېيىن بىلسەك، شۇ ئەختەرخاننىڭ خورىكىكەن. ئۇنى يالغۇز شەھەر خەلقىلا ئەمەس، توققۇز گۆڭشې، بىر يۈز ئون يەتتە دادۋي، چارۋىچىلىق فېرمىلىرى، دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ئاڭلاپ كەتسە بولىدۇ. بۇ ئىشنىڭ ئۇ چاغدىكى يامان تەسىرىنى دېمەيلا قويايلى، بۇنى ئەڭ يېنىك ھېسابلىغاندىمۇ خىزمەتتىكى ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك دېگىلى بولار، بىز تەشكىل بۇ خاتالىققا تېگىشلىك تەدبىر قوللىنار، ئېھتىمال ئەختەرخاننى بىر مەزگىل دېكتورلۇقتىن قالدۇرۇۋېتىشى مۇمكىن دەپمۇ ئويلاشقانىدۇق، نەدىكىنى؟ ئىككى ئايدىن كېيىن ئۇنىڭ رادىئو ئۇزېلىغا «زەنجاڭ» قىلىپ ئۆستۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق، — ئۇ كامال شۇجىغا بۇرۇلۇپ قارىدى، — ئېيتىپ باقسىلا ئۇستام. مىسال ئۈچۈن سىلىنى بىر تامنى مايماق قوپۇرۇپ قويغان دەيلى، ئۇ چاغدا قانداق بولىدۇ؟

— ئەلۋەتتە تام ئىگىسىنىڭ قارغىشى — نەپرىتىگە قالىدىغان گەپ، — دېدى كامال شۇجى.

— شۇدە! بۇ توغرۇلۇق نۇرغۇن كىشىلەر ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا،

هەتتا ۋىلايەتكىمۇ ئەرز يېزىشتى، مانا مەن يىگىرمە - ئوتتۇز دېھقاننىڭ ئەرزىنى يېزىپ بەرگەندىمەن، ئەمەلىيەتتە نېمە بولدى؟ ئەختەر خورەك زەنجاگلىقىدا قېلىۋەردى.

— بۇئىنىڭ داۋلىسى ناھايىتى ئاددىي، — دېدى شاۋجاڭ كۆيۈشكەن پۇتلىرىنى ھارۋا ئۈستىگە سوزۇپ، — ھازىر ھەقىقەت ئاددىي پۇقرادا ئەمەس، ھوقۇق تۇتقانلارنىڭ قولىدا بولۇپ قالدى. پارتكوم شۇجىسىغا ئەختەر خورەكنى شۇنچىۋالا قوغداپ ئەتىۋالاپ كەتكۈدەك كۈچ نەدىن كەلگەن؟ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ مەنسەپ تاجىدىن - دە، ئۇلارنىڭ پىچىقىنىڭ ئالدىدىمۇ، كەينىدىمۇ كەستۇرۇۋاتقان سېھىرلىك كۈچ باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئورنى. مەن مۇنداق بىر پارىس مەسەلىنى ئوقۇغان: بىر كۈنى بىر تۈلكە ئېگىز تامنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ پەستە كېتىۋاتقان بۆرىنى قار - يامغۇردەك تىللاپ، ئۇنىڭغا ھەيۋە قىلىشقا باشلاپتۇ. بۆرە دەپتىكى: سەن تۈلكىۋاي ئۇنچىۋالا ھەددىڭدىن ئاشما، مەن سېنى ناھايىتى ئوبدان بىلىمەنغۇ، سېنى مۇنچە ھاكاۋۇرلاشتۇرۇپ مېنى تىللاشقا جۈرئەت قىلدۇرغان نەرسە سېنىڭ كۈچۈڭ ئەمەس، ھازىرقى ئورنۇڭ.

— ئەمدى قۇربان ئەلىنىڭ ئىشى نېمە بولار؟ — بىردىنلا سوراپ قالدى ياش ئوقۇتقۇچى.

— ھەي تاگەي، — شاۋجاڭ تىزلىرىنى ئۇۋۇلاۋېتىپ داۋام قىلدى، — تۈنۈگۈن دەل شۇ تالاش - تارتىشنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپتىكەنمەن، ناھىيىدىن مەدەنىيەت - مائارىپقا مەسئۇل ھاكىم قاسىم جۇيجاڭغا قۇربان ئەلىنى ئۇ بۇرۇن ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان مەكتەپكە يۆتكىۋېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەنىكەن، ئەمما قاسىم جۇيجاڭ ھاكىمنىڭ بۇ بۇيرۇقىنى رەد قىپتۇ. ئۈلۈشكۈن كەچتە كىمدۇر بىرسى يېڭى كەلگەن شۇجىنىڭ قۇربان ئەلىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال ھاكىمغا بېرىپ ئېيتقانىكەن، ھاكىم تۈنۈگۈن ئەتىگەندىلا قاسىم جۇيجاڭنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى قارارىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ھەي ... كاۋۇرمەسمىز بۇ ئىشنى تونۇ- كام. شۇجىنىڭ قاش - قاپىقىغا قاراپ سىياسەت چىقىرىدىغان ئىش بۇ ناھىيىدە قاچانمۇ تۈگەر؟

ھارۋا ئۈستىدە بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ھارۋا قۇمساڭغۇ ئېگىز دۆمبەلىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، پەسكە - پاكار ئېششەك قومۇشلۇقى ئارىسىدىكى ئەگرى - بۈگرى سوزۇلغان نەم، قۇملۇق يولغا بۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر پارچە سۇلۇق قۇياش نۇرىدا ئەينەكتەك يالتىراپ، يىراقلارغا سوزۇلۇپ ياتاتتى. يىراقتىن ھاڭگىرت بىلەن ياۋا ئۆردەكنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. كامال شۇجىنىڭ بۇرنىغا چىرىگەن لەش بىلەن زەي سۇنىڭ پۇرىقى كېلىپ ئۇرۇلدى. سۇلۇقنىڭ سول تەرىپىدە — پەستە قويۇق دەرەخزارلىق قارىيىپ كۆرۈندى.

— بۇ ھېلىقى ئاقتاش سۇ ئامبىرىمۇ؟ — دەپ سورىدى كامال شۇجى شاۋجاڭدىن.

— ھەئە، ئاقتاش سۇ ئامبىرى، ئاۋۇ پەستىكى بىزنىڭ مەھەللە.

— ئەمدى بىز مەشەدە خوشلىشىدىغان بولدۇق، — دېدى كامال شۇجى سېرىق بىرزېنت سومكىسىنى قولىغا ئېلىپ، — خەير خوش، مەن ئەتىگىچە سىلەرنى مەكتەپلەردىن ئىزلەيمەن.

— ئۇكام توختاڭا، سىزگە تام سالدۇرساق بېرىدىغان پۇلىمىز يوق جۇمۇڭ. ھازىرچە باشقا يەردىن ئىش ئۇقۇشۇپ باقسىڭىز قانداق.

— كېرەك يوق، — كامال شۇجى يانچۇقىدىن ئىككى يۈەن پۇلنى ئېلىپ، ھارۋىكەشكە تۇتقۇزدى ۋە ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشتى، — مەن مەكتەپلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ قايتساملا بولدى.

— ھە؟! ... ئۇكام سىز...

— مەن ناھىيىگە يېڭىدىن كەلگەن پارتكوم

شوجىسى، مەن ئەتە چوقۇم مەكتىپىمگە لارغا بارىمەن.

كامال شوجى قويۇق ئۆسكەن يىرىك قومۇشلۇقلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ كەتتى. ھارۇدىسكەلەر كۆزلىرى چەكچەيگەن، دېمى ئۆچكەن ھالدا بىر - بىرىگە قاراپ قېلىشتى ...

... كامال شوجىنىڭ دامبىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغىنىغا ئىككى سائەتتىن ئاشتى، يۈرىكىدىكى غەشلىك ۋە ئېيتىپ بولمايدىغان ئازاب ئۇنى ماغدۇرسىزلاندۇرغان، ئەنە ... ئۇنىڭ ئالدىدا لەش پۇرىقى بۇقسۇپ، كۆكىرىپ ياتقان سۇ ئامبىرى. ئەتراپتا ئاللىكىملەر ئالا - تاغىل ۋارقىرىشىپ، بىرلىرى تور بىلەن، بىرلىرى قارماق بىلەن بېلىق تۇتۇشۇۋاتاتتى. «پايدا ... شۇ بىكار تەلەپلەرگە بوپتۇ - دە» ئەلەمىنىڭ پىچىرلىدى كامال شوجى.

شۇ چاغدا پەستىن بوز ئېشەكنى يېتىلەپ، ھاسىنى تۇكۇلدىتىپ بىر بوۋاي دامبا ئۈستىگە چىقىپ كەلدى. ئۇ ھاسىراپ، چانىقىغا ئولتۇرۇشقان نۇرسىز كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ سۇ ئامبىرىغا بىر ھازا قاراپ تۇردى، ئاندىن قورايدەك قاتقان قوللىرىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلمەكتە. ۋىجىك گەۋدىسى دامبا قىرغاقلىرىدا ئۆسكەن يەكەندەك تىترىمەكتە. بوۋاي يىغلاۋاتامدۇ ياكى قەھرىلىكنىڭ ئىزغىرىدىن شامىلى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ھاياتلىقنىڭ ئاخىرقى مېۋىلىرىنى سىلكىپ چۈشۈرۈۋاتامدۇ؟ كامال شوجى بۇنى بىلمىدى. بوۋاي دۇئادىن قولىنى چۈشۈرگەندە ئۇ بوۋاينىڭ يېنىغا كەلدى:

ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئاتا، بىلمىدىم، سىلى نېمىگە دۇئا قىلىۋاتىلا؟

بوۋاي چانىقىدا يۈرىكىنىڭ قەھرىلىك داغلىرى قېتىپ قالغان خۇنۇك كۆزلىرىنى كامال شوجىغا تىكتى.

—ئاتا - بوۋام بىلەن مەزلۇمەمنىڭ قەبرىسىگە بالام. ئۇلارنىڭ تەۋەررۇك تۇپىسى مۇشۇ توپان سۇيى ئاستىدا قالغان، — بوۋاينىڭ ئاۋازى تىترەڭگۈ، ئەمما چاقماقتەك زەردىلىك ئىدى، — ئەنە ... ئەيەردە... كۆرۈۋاتامسەن، ئەنە... ئاۋۇ كېمە ئۈزۈپ يۈرگەن يەردە مېنىڭ ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيۈم، باغلىرىممۇ بار ئىدى.

كامال شوجى توك سوقۇۋەتكەندەك سىلكىنىپ كەتتى.

—ھازىر سىلە نەدە يېتىپ- قوپۇۋاتىلا؟

—نەدە دەمسىنا؟ خۇدانىڭ يېرىدە بولمامدۇ، ئىككى يىل بۇرۇن بۇ يۇرتتىن باش ئېلىپ، جاھانكەشتە بولۇپ چىقىپ كەتكەنىدىم. بۇ تەرىپى خوتەن، قەشقەر، ئۇ تەرىپى تاغ ئارقىسىدا ئۇرۇمچى، تۇرپان، غۇلجىلاردا بولدۇم. ھالا بۈگۈنكى كۈندە بەلىلىرىم مۈكچىيىپ، كۆزۈمنىڭ قارىچۇقى قاتتى، يېنىم يەر تارتىدىغان بولۇپ قالدى، جاھانكەشتىلىكنى تەرك قىلدىم، ئاتا- بوۋامنىڭ، مەزلۇمەمنىڭ يېنىدا ياتاي دېدىم...

كامال شوجىنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلدى، بۇرنىنىڭ ئۇچى ۋىژىلداپ ئېچىشتى، گېلىغا بىر نەرسە كەپلەشكەندەك بولۇپ، بىر ئېغىز گەپ قىلالمايقالدى. ھە... بىر ئېغىز گەپ...ئۇنىمۇ دېيەلەيتتى؟ ئۇ يانچۇقىدىن ئون يۈەنلىك پۇلدىن ئىككىنى ئېلىپ بوۋايغا ئۇزاتتى.

—خىراجەت قىلسىلا ئاتا.

—نېمە؟ مېنى دىۋانە كۆرۈۋاتامسەن ئۆزەڭ؟— بوۋاينىڭ چىرايى قەھرلىك تۈس ئېلىپ ئېڭەكلىرى تىترەپ كەتتى، — بۇ يۇرت خەلقى بىر كىمنىڭ قولىغا تەلمۈرۈشنى يامان كۆرىدۇ. ئۆزەڭ كىم؟

كامال شوجى جاۋاب بەرمىدى، بوۋاي داۋام قىلىپ دېدى:

—چىرايىڭ ئوچۇق، خالىس نىيەتلىك ئادەمگە ئوخشاپ تۇرىسەن، مۇبادا سەن مەن ئۈچۈن خۇدا يولىدا خەيرلىك ئىش قىلىپ قويۇشنى كۆڭلۈڭگە پۈكسەڭ ماڭا بېرىدىغان پۇللىرىڭنى يول كىراسى قىل، بېيجىڭغا بار، ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ئاتىسىغا يۇرتىمىزنىڭ ئەرز- ھالىنى يەتكۈز!

بوۋاي ھاسىسىنى تۇكۇلدىتىپ، يۆتىلىپ قېقىلغىنىچە كېتىپ قالدى،

www.uyghurkitap.com

كامال شوجى تۇرغان جايىدا ھەيكەلدەك قېتىپ قالغان، يۈرىكى دەھشەتلىك زەربىدىن توختاپ قالغاندەك ئىدى. ئۇ نېمىشقا بوۋاينىڭ ئالدىدا ئۆزىنى مۇشۇ ناھىيىنىڭ پارتكوم شۇجىسى دەپ ئېيتالمىدى؟ ياكى شۇنداق دەپ ئاتاش ئۆزى ئۈچۈن نومۇسلۇق بولۇپ قالغانمۇ، ئۇ بۇنى بىلمەيتتى.

كامال شوجى خېلىدىن كېيىن ئېسىگە، ماغدۇرىغا كەلگەندەك بولۇپ، دامبا ئۈستىدىن چۈشتى. دامبا چۈشۈرگىنىدىن شارقىراپ چۈشۈۋاتقان سۈھەر تەرەپكە سوزۇلغان ئېرىقلارغا بۆلۈنۈپ ئاقماقتا. ئۇ، سۇ بويىدا ئولتۇرۇپ، سومكىسىدىن بىر پارچە نان ئېلىپ، سۇغا چىلىدى. ئوچۇمىغا سۇ ئېلىپ ئىچتى، ئىچتى - يۇ، كۆڭلى ئېلىشىپ ياندۇرۇۋېتىشتىن ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ قالدى. سۇدىن ئادەم جەسەتلىرىنىڭ بەدبۇي ھىدى پۇرىغاندەك قىلاتتى، بۇ پۇراق ئۇنىڭ خىيالىي تەسەۋۋۇرىمىدۇ؟ ياق بىر بەدبۇي پۇراق! سېسىغان بېلىق، ياۋا قۇشلارنىڭ پەيلىرى، يەنە ئاللىقانداق چىرىگەن نەرسىلەرنىڭ كۆڭۈلنى ئاينىتقۇچى بەتتام پۇرىقى! كامال شوجى قولىدىكى يۇمشىغان ناننى سۇغا چۆرۈۋەتتى. شۇئان نەدىندۇر بىر توپ ئۇششاق بېلىقلار ئۈزۈپ كېلىشىپ ناننى تالىشىپ يېيىشكە باشلىدى.

كامال شوجى ئورنىدىن تۇردى، «بۇمۇ سۇ بولىدىمۇ؟ — ئەلەم بىلەن پىچىرلىدى ئۇ، — بەئەينى ئېچىمغان يۇندا، بۇنى يەنە شۇ بىچارە دېھقان ئىچىدۇ. ھەي ئىست! ئۇلارنىڭ كۈنىمۇ كۈنمۇ؟ ئۇلار كېسەل بولىدۇ، ئەقلى بۇلغىنىدۇ ...»

ئۇ ئېرىق ياقىلاپ مەھەللە تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ ئەتىسى دېھقانلاردىن ئىزدەپ سوراپ چوشكە يېقىن تامتوغراق باشلانغۇچ مەكتىپىگە يېتىپ كەلدى. مەكتەپ ئالدىغا بىر توپ ئادەم يىغىلغان. بادام دوپپىلىق، ئېگىز، بەستلىك شاپ بۇرۇت دېھقان خۇددى بىرسى بىلەن زوكۇنلىشىۋاتقاندەك قىزىشىپ، قايناپ سۆزلىمەكتە:

— شۇنچە چوڭ ناھىيىنىڭ خەزىنىسىدىن بۇ مەكتەپنى سالىدىغانغا پۇل چىقماپتىمۇ؟ بوپتۇ، شۇجى، شيەنجاڭ، جۈيجاڭ دېگەنلەرگە مەكتەپ لازىم بولمىسا، مانا بىز دېھقانغا لازىم. خېلىل شاۋجاڭ، قايغۇرمىسىلا، ئۇلار دەردلىرىنى تىڭشىمىسا، تىڭشايدىغان بىز بار. بالىلىرىمىز مەكتەپتە ئوقۇپ چىقسا ئۇلارنىڭ مەنسەپ تاجىنى تارتىۋالمايدۇ، ئوغرى - قاراقچى بولۇپ كەتمەيدۇ، ئەر ئالمىغان قېرى قىزلىرىنى ئېلىپ قاچمايدۇ. ئىلىم - پەن ئىگىسىگە ئايلىنىپ خەلق ئۈچۈن، ھۆكۈمەت ئۈچۈن ئىشلەيدۇ. ناھىيىنى گۈللەندۈرىدۇ. بۇنىڭ نېمىسى يامان؟ يامان دېگەنلەر مېنىڭ ئالدىمغا كەلسۇن. مەندىن ئالىدىغان ئىككى پۇلى، ئېلىۋېتىدىغان مەنسەپ - تاجى يوق. ئەمەلدىن قورقۇپ قالمايمەن. ئۇلار پۇل بەرمىگەن بولسا، مەن بېرەي. پۇل دېگەن قانچىلىك نېمىتى ئۇ؟ ناھايىتى دېھقاننىڭ قولىنىڭ كىرى! ئادەمنىڭ خۇنى ئەمەس! مانا قىرىق مىڭ كوي. ھازىرچە يېتەمدۇ شاۋجاڭ؟ بالىلىرىمىزنى تېزىنتۇۋەتكەنلىرى بولمىدى، ھارام بۇيىدۇكلەر قۇشقاچ ئوينايدىغان، خوراز سوقۇشتۇرىدىغان، گېپىمىزگە كىرمەيدىغان بولۇپ كەتتى. نېمە؟ ئوقۇش توختىتىشنى قايسى ئەبلەخ ئۇ تەستىقلىغان؟ ھۇ شۇنداق تەستىقنى! ئەكەلسىلە تەرەتخانىغا ئاپىرىپ كۆتۈمنى سۈرتەي. مانا شاۋجاڭ تۇتسىلا، — ئۇ قولىدىكى چەكنى شاۋجاڭغا ئۇزاتتى، — بانكىغا بېرىپ ھازىر ئالسىلىمۇ بولىدۇ. كېيىن قايتۇرۇۋالارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلمىسىلا. بۇ خىش زاۋۇتۇمدىن كىرگەن كىرىمىمنىڭ ئۆشرە - زاكىتى. نېمە، خىشنى نەدىن ئەكەلىمىز دەملا؟ خۇمدىنىمىزدىن ئەكېلىۋېرەمەملا. ئەمدى «بالىڭىزنى ئوقۇتۇپ قويايلى» دەپ ئالدىغا بارسا ئەپەندىنى تىللايدىغان دېھقان يوق. مەنلا ئەمەس، ھەممىسى مەكتەپ دېسە ياردەم قوللىرىنى سوزۇشىدۇ. ئىش قىلىپ، بالىلىرىمىزنى مەكتەپكە تېزرەك يىغىپ، ياخشى تەربىيىلەپلا قويسىلا دېھقانلار ئۆمۈرلەرگە دۇئا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا ئەتراپتىكى دېھقانلار چۇرقىراشقا باشلىدى:

—مانا مەن مەكتەپكە بىر توپىقىمنى ئاتاپ قويدۇم!

—مانا مەن ئانا- بالا ئىككى ئۆچكەم!

—خېلىل شاۋجاڭ، ئىسمىمنى يېزىپ قويسىلا، ئۈچيۈز كوي!

......

كامال شۇجىنىڭ يۈرەك قانلىرى دولقۇنلاندى. ئۇ جامائەتنىڭ ئارىسىغا كىرىپ:

—ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم جامائەت!— دېدى،

ئۇنى ھەممىدىن بۇرۇن تونۇگۇنكى خېلىل شاۋجاڭ تونىدى.

—ئەسسالامۇئەلەيكۇم شۇجى!— دېدى ئۇ ئالدىراپ شۇجىنىڭ ئالدىغا كېلىپ،— نېمىدە كەللە، پىيادىمۇ؟ ئاپلا! تونۇگۇن شۇنداق دېسىلە ئانچە ئىشەنمەپتۇق. راستىنلا كېلىشلىرىنى بىلگەن بولساق، ھېچبولمىغاندا، ئالدىلىرىغا ھارۋا ئەۋەتمەسمىدۇق.

—نېمە؟ نەنىڭ شۇجىسى؟— دېدى بايىقى سەپرا مىجەز دېھقان.

—ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ يېڭى شۇجىسى. ئىسمىلىرى نېمىدى؟ ھە، كامال ئەھمىدى، كامال شۇجى.

—يولداشلار!— كامال شۇجى جامائەتكە ھاياجان بىلەن تەكشى تىكىلدى،— مەن مەكتەپنىڭ ئىشىدىن تېخى ئۈلۈشكۈنلا خەۋەر تاپتىم. تونۇگۇن مۇنۇ شاۋجاڭنىڭ ئاغزىدىن تەپسىلىرەك ئاڭلىدىم. بۈگۈن شۇڭا بۇ مەكتەپنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگىلى كەلدىم. ناھىيىنىڭ بۇ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ھازىرغىچە پۇل بەرمىگەنلىكىدە مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم بار. ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىمۇ بۇ ئىشتا تولىمۇ خاتا قىلغان! ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ مائارىپ راسخوتى ئۈچۈن ئاجراتقان پۇلى ئاز ئەمەس. ئەمما بىزنىڭ ناھىيىمىزدە بۇ پۇل نەگە كەتكەن؟ مەن بۇنى قايتىپ بارغاندىن كېيىن چوقۇم تەكشۈرىمەن، مەكتەپ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن پۇل ھەل قىلماي قويمايمەن. بايا بۇ ئاكامنىڭ گېپىنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىدىم. مېنىڭچە ئۇ ناھىيىمىزدىكى 300 نەچچە مىڭ خەلقنىڭ ئورتاق يۈرەك سۆزى. بۇ ئاكام نېمىشقا مەكتەپكە قىرىق مىڭ يۈەن پۇل ئىئانە قىلدى؟ نېمە ئۈچۈن بايا بەزىلەر ئېغىر قىيىنچىلىق ئۈستىدە تۇرۇۋېتىپمۇ مەكتەپ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مال- چارۋىلىرىنى تەقدىم قىلالىدى؟ چۈنكى ئۇلار نادانلىق ۋە ساۋاتسىزلىقنىڭ ئېغىر زىيىنىنى تونۇپ يەتكەن، ئىلىم- پەننىڭ قەدىر- قىممىتىنى، مائارىپنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنگەن. ئۇلار مائارىپتىن ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسىدىكى بەخت- سائادەتلىك تۇرمۇشىنى، كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە ئىستىقبالىنى كۆرگەن. مانا بۇ 80- يىللاردىكى دېھقانلىرىمىزنىڭ روھى! مانا بۇ جەمئىيەتنىڭ قىياپىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىدىغان مۇقەددەس كۈچ!....

كامال شۇجى ئاندىن تامتوغراق كەتتىنى قانداق قىلىپ زەي، شور ئاپىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش، قانداق قىلىپ دېھقانلارنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى تېخىمۇ پاراۋان قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئۇسۇل- چارىلىرى توغرىسىدا سۆزلىدى.

ھەي... دىلى خەسىدەك سۈزۈك دېھقاننىڭ كۆڭلى! ياخشى گەپ يۈرەكتە قاتقان كىر- تۈگۈنلەرنى ئېرىتتى. بايىقى غەزەپتىن قارىداپ كەتكەن چىرايلارغا كۈلكە يۈگۈردى. چەتتە ھەيمىسىپ قاراپ تۇرغانلار شۇجىنىڭ ئالدىغا قول باغلاپ كەلدى.

—شۇجى، ئۆيىمىزنىڭ بىر پىيالە چېيىغا داخىل بولسىلا.

—كامال شۇجى، بايىقى ناۋاتتەك سۆزلىرى ئۈچۈنلا بىر قوي سويay.

—شۇجى....

كامال شۇجى قايسى بىرلىرىگە رەھمەت ئېيتتى، قايسى بىرلىرىدىن ئۆزرە سورىدى. ئۇ خېلىل شاۋجاڭ بىلەن مەكتەپ قورۇسىغا يۈرۈپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

تارىخ سەھىپىسى قىرىق نەچچە يىلدىن ئارتۇق ئىلىم- پەن ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئالتۇن دۇردانىلىرى بىلەن بېزەلگەن بۇ باشلانغۇچ مەكتەپ گويا يەر تەۋرەشتىن كېيىنكى كۆرۈمسىز خارابىدەك، سىنىپ- ئىشخانىلار ئۆرۈلۈپ، ئىچىگە ئادەم باش تىققۇسىز بولۇپ قالغان. مەكتەپ قورۇسى ئىچىدىكى يىگىرمە- ئوتتۇز يىللىق سەگى تېرەكلەر قۇرىغان، شاخلىرى يالىڭاچلانغان. مەكتەپ مەيدانىدىن ئۆرلىگەن ئاپئاق زەي- شور دالادىكى تۇنجى قاردەك ئاياغ ئاستىدا غىرسىلايتتى.

كامال شۇجى مەكتەپ قورۇلۇشى ئۈچۈن كېتىدىغان چىقىم ئىسمىيىتىنى سومكىسىغا سالدى.

ئاندىن زەيدىن خارابلىشىپ، پاشا بىلەن پاقا يامراپ كەتكەن ئېتىزلىقلارنى؛ ئىگىسىز تاشلىنىپ ياتقان، مال- چارۋىلار چەيلەپ، غاجاپ نابۇت قىلىۋەتكەن ئورمانلىقلارنى؛ دېھقانلارنىڭ ئۈستىنى قارىداپ، مۆكچىيىپ كەتكەن ئۆيلىرىنى ئارىلىدى. سەككىز كۈن ئەنە شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى. كامال شۇجى بىر كۈن يول مېڭىپ ئونىنچى كۈنى پېشقەدەم ھاكىم ئولتۇراقلاشقان قۇمشېرىق كەنتىگە يېتىپ كەلدى، ئەمما ئۇ بۇ يەردىكى ياپيېشىلچىلىقنى، يېڭىدىن خىش بىلەن سېلىنغان ئازادە دېھقان ئۆيلىرىنى، قىزغىن ئەمگەكنىڭ شادىيانە مەنزىرىسىنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بىر ھەپتىدىن بۇيان ئېغىر تاشتەك بېسىپ كېلىۋاتقان غەشلىك ۋە بىئاراملىقلاردىن بىراقلا خالاس بولغاندەك بولدى، يول ھارغىنلىقى كۆتۈرۈلدى.

مانا بۇ يەردە ئالتۇن كۈزنىڭ جىلۋىدار مەنزىرىسى. يول بويىدىكى يېمىش جىگدىلەرنىڭ ئالتۇندەك تاۋلىنىپ ئېغىرلاشقان شاخلىرى يەرگە ئېگىلمىگەن. باغلارنىڭ ئالما، نەشپۈتلىرى، ئانار، ئەنجۈرلىرى تارىمنىڭ ئىپپەتلىك قىزلىرىدەك رەڭ تۈزەپ، يېشىل ياپراقلارنىڭ زۇمرەت رومالى ئارىسىدىن مارىشاتتى. دېھقانلارنىڭ ئۈزۈم تاللىق ھويلىلىرىدا ئىنەكلەر كۆشەپ، توخۇ تۇمانلار قېقىندىشاتتى.

كامال شۇجى مۇھەممەد ھاكىمنى مەھەللىنىڭ ئايىغىدىن- زەيلىك ئۆستەڭ بويىدىن ئىزدەپ تاپتى. باش - ئايىغى كۆز يەتكۈسىز چېپىلغان تېرەن زەيلىكتە جاراھەتتىن ئاققان زەردابسۇدەك، سارىسېرىق، ئاچچىق پۇقسىغان زەي سۇ بۇلدۇقلاپ ئاقماقتا.

—زەيلىك چاپماستىن باشقا ئامال قالمىدى، — دېدى مۇھەممەد ھاكىم تىنچلىق- ئامانلىقتىن كېيىن، — بۇ يەر ئەسلىدىلا ئادەم تېرىسىمۇ ئۈنىدىغان قالتىس مۇنبەتلىك ئىدى دەڭگا. زەيىنىڭ كاساپىتىدىن نەچچە يىل كېسەل تارتتى. خۇداغا شۈكرى، شۇنداق قىلىپ ئاستا - ئاستا ئەيۋەشكە كەلتۈرۈۋالىدىغان بولدۇق.

ئۇلار ئىككىسى ئېتىز - ئورمانلىقلارنى، باغلارنى ئارىلىغاچ، ناھىيىنىڭ بۇرۇنقى ئىشلىرى ۋە كەلگۈسى پىلانلىرى ئۈستىدە ئۇزاق مۇڭداشتى. كامال شۇجى كەچتە مۇھەممەد ھاكىمنىڭ ئۆيىدە ھاكىمنىڭ ئايالى ئوخشىتىپ ئەتكەن لەگمەننى يەۋېتىپ ئاقتاش سۇ ئامبىرى ئۈستىدە ئېغىز ئاچتى.

— بۇ 1976- يىلى بولغان ئىش، — دېدى ھاكىم يەۋاتقان لەگمىنىنى داستىخانغا قويۇپ، — ئەمەت شۇجى بىر قېتىم پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا ئاقتاشقا بىر سۇ ئامبىرى ياساپ، ناھىيىنىڭ بىر قىسىم سۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مېنىڭچە، ناھىيىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بەش گۇڭشېنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەشتە بىر خىل مۇقىملىقنى ساقلاش ۋە تاغ سۈيىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈچۈن مۇنداق سۇ ئامبىرىنى ياساش ئەلۋەتتە زۆرۈر ئىدى. لېكىن سۇ ئامبىرىنىڭ ئورنىنى بېكىتىشتە شۇجى بىلەن مېنىڭ ئارامدا ئىختىلاپ تۇغۇلدى. مەن ئاقتاشنىڭ يۇقىرىدىكى ئىككى تاغنىڭ تەبىئىي ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. بۇ قارارغا قانداق كەلگەن دەمسىز؟ مۇنداق ئىش: مەن بۇرۇنلا ناھىيىدىن ئىككى نەپەر سۇ ئىنژېنېرىنى بۇ ئىشقا مەسئۇل قىلىپ ئەۋەتكەن. ئۇلار ئون نەچچە كۈن تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ماڭا ئەھۋالنى شۇنداق تونۇشتۇرغان. ئۇ-

لارنىڭ قارىشىچە، ئىككى تاغنىڭ ئېغىزىدا تۇسمىدىن بىرنى ياسىسىلا، تاغ سۈيى خۇددى قوتانغا سولانغان قويدەك سۇ ئامبىرىدا قاچىلىنىۋېرىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇرغۇن ئادەم كۈچى ۋە مەبلەغنىمۇ تېجەپ قالغىلى بولىدىكەن. مەن بۇ لايىھىنى توغرا تاپقان ۋە يىغىندا شۇنداق ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمما ئەمەت شۇجى تاغنىڭ قاپتىلىنىڭ قۇم، شېغىل تەركىبى كۆپ، ئالدىن ئۆلچەرلەپ چىققىلى بولمايدىغان نۇرغۇن ھاڭ - تۆشۈكلىرى بار، دېگەننى باھانە قىلىپ، ئامبارنى ئاقتاش دادۇيىنىڭ ئورنىغا ياساش، ئۇ يەردىكى دېھقانلارنى باشقا دادۇيلەرگە كۆچۈرۈش، ئامبار توسمىسىنى بىر قەۋەت - بىر قەۋەتتىن چېگداپ چىقىش پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. مەن ئىككى نەپەر ئىنژېنېرنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، يىغىندا جىددىي قىلىپ كۆرسەتتىم: بىز كۆزدە تۇتقان بەش گۇڭشېنىڭ ئورنى ئاقتاش دادۇيىنىڭ ئورنىدىن خېلىلا تۆۋەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ گۇڭشېنىڭ يەرلىرى بۇرۇندىنلا شورلۇق. ئەگەر سۇ ئامبىرى ئاقتاشقا ياسىلىدىغان بولسا، سۇ ئاقتاشنىڭ قۇمساڭغۇ يېرىگە كۆپلەپ سىڭىپ كېتىپ، ئاياغتىكى بەش گۇڭشېنىڭ، بولۇپمۇ ئىككى گۇڭشېنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ زەيلىشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. نەتىجىدە ئون نەچچە مىڭ مو يەر شورلىشىپ نابۇت بولىدۇ!

مېنىڭ قوشۇلمىغانلىقىم تۈپەيلىدىن، ئەمەت شۇجىنىڭ تەكلىپ لايىھىسى ماقۇللانمىدى. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ بىر ئاخشىمى كېرىم بوۋاجاڭنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدۇق. شۇ كۈنى ئۇ يەرگە پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يىغىلغانىكەن. مەن نېمە ئۈچۈنكىن، شۇ كۈنى ھاراقنى كۆپرەك ئىچىپ مەس بولۇپ قاپتىمەن. پارتكومنىڭ قارار لايىھىسى ئاللىقاچان تەييار قىلىنىپ قويۇلغانىكەن. مەن شۇ كەيپ - مەسچىلىكتە باشقىلار سالا - سۈلھى قىلىشسا قارار لايىھىسىگە قول قويۇپ تاشلىسام بولىدۇ.

ھەي ئىست! كېيىن ئىككى گۇڭشې مېنىڭ بىرلا تەۋرەتكەن قەلىمىم بىلەن خانىۋەيران بولۇپ كەتتىغۇ. ئويلاپ بېقىڭا ئۇكام. نەچچە ئون مىڭ دېھقاننىڭ تەقدىرى بىر باشلىقنىڭ شۇنداقلا بىر قەلەم تەۋرىتىشى بىلەن ئۇيان-بۇيان بولۇپ كېتىشى نېمە دېگەن ئېچىنارلىق - ھە؟ مەن ئۆزەمنىڭ ئۇ جىنايى قىلمىشىمنى ئىككى ئايدىن كېيىن، يەنى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئاقتاشتا سۇ ئامبىرى ياساش توغرىسىدىكى قارارى يۇقىرىدىن تەستىقلىنىپ كەلگەندىن كېيىنلا بىلدىم. ئۇ چاغدا نېمە دېگۈلۈك؟ ئىش مانا شۇنداق بولۇپ كەتكەن ئۇكام. بۇ سۇ ئامبىرىنى ياساش ئۈچۈن پۈتۈن ناھىيە سەپەرۋەر قىلىندى. بەش گۇڭشېنىڭ دېھقانلىرى ئەشۇ سۇ ئامبىرى پۈتكىچە ئۆيىدە ئىسسىقراق تاماق يېيەلمىدى، ئۈچ قىش، تۆت ياز ئەشۇ زەيلىك داللىدا دۈم يېتىپ-دۈم قوپۇپ ئىشلىدى. ئاقتاش دادۇيىنىڭ دېھقانلىرى ئۇۋىسى بۇزۇۋېتىلگەن قارلىغاچتەك تەرەپ-تەرەپكە چېچىلىپ، ئانىسى ئۆلگەن يېتىم چۈجىدەك سەرسان بولۇپ، باشقا يۇرتلارغا چىقىپ كەتتى. سۇ ئامبىرى ياسىلىپ ئىككى يىلدىن كېيىنلا، دېگەندەك ئىككى گۇڭشې زەي، شور ئاپىتىگە ئۇچراپ، يەرلىرى ئۈنۈمسىزلىشىشكە، باغۋارانلىرى قۇرۇپ قاقاسلىشىشقا باشلىدى. مەن مۇشۇ تۇپراقتا ئۆسۈپ يېتىلگەن. مۇشۇ خەلق ئارىسىدا چوڭ بولغان. مېنىڭ ئاخىرىدا ئۇلارغا ئاتىغىنىم نېمە بولدى؟ قېنى مېنىڭ مۇشۇ خەلق ئۈچۈن ئوتتۇز نەچچە يىل جان تىكىپ ئىشلىگەنلىرىم؟ مەن كېيىن خۇددى ئادەم ئۆلتۈرگەن جىنايەتچىدەك خەلقنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ قارىيالمىدىم. خۇددى پۈتۈن ناھىيە خەلقى ئۈستۈمگە قارغىش - نەپرەت تېشى ياغدۇرۇۋاتقاندەك ئۆيدىن تالاغا چىقالماس بولۇپ قالدىم. ئەمدى بۇ ناھىيىگە مەندەك يارىماس رەھبەرنىڭ نېمە كېرىكى؟ قاراپ تۇرۇپ، بوغۇلۇپ ئۆلۈۋالغىلى بولمىدى. ئەڭ ياخشىسى ئەمەلدىن ۋاز كېچىپ، ئاخىرقى ئۆمرۈمنى بۇ ناھىيە خەلقى ئالدىدا ئۆتكۈزگەن گۇناھىمنى يۇيۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىشقا بەل باغلىدىم.

مۇھەممەد ھاكىم جىم بولۇپ قالدى. كامال شۇجى خىيالغا چۆكتى. دۇنيادا خاتالىق - سە-

www.uyghurkitap.com

ۋەيلىكتىن خالى ھېچكىم بولمىغان. بەزىلەر ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئەشۇ ئىللەتلەرنى ئۇمۇرۋايەت ھېس قىلمايدۇ. ئۇنىڭدىن لەززەت ئالىدۇ، پەخىرلىنىدۇ. ئەمما بەزىلەر ئۆز ۋۇجۇدىدىن ئەشۇ مەينەت كىر - داغلارنى كۆرگەندە ئازابلىنىدۇ، ھەسرەت چېكىدۇ. بۇ ئازاب ۋە ھەسرەت ئىنسان پەزىلىتىگە پاكلىق ئاتا قىلغۇچى نۇر، بۇنداق ئادەم يەنىلا سۆيۈملۈك، قەدىرلىك . . . .

8

ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزگىچە دۇنيا، يۈرىكىدە ئۆزگىچە ھېسسىيات ... كامال شۇجى ناھىيىنى ئۆزى يالغۇز 11 كۈن ئارىلاپ، 12- كۈنى ناھىيىگە قايتىپ كەلدى.

ئۇ ئەمدى نېمىشقىدۇر ئۆزىنى ئوغلاق تېرىسىگە كىرىپ چىققاندەك تېمەن ۋە جۇشقۇن ھېس قىلدى. ئىككى كۈن يول مېڭىپلا قاپىرىپ شەلۋەرلەشكە باشلىغان پۇتلىرى ئەمدى كالىنىڭ پاتتىڭىدەك پىشىپ كەتتى. يۈزلىرى تارىمنىڭ قۇرغاق قىزىق شاماللىرىدا كۆيۈپ قارىيىدى.

كامال شۇجىدىكى ئۆزگىرىش يالغۇز ئۇنىڭدىلا ئەمەس مۇھىمى ئۇ ناھىيىنىڭ كېيىنكى ئىشلىرى توغرىسىدا باشقىچە پىلان - چارىلەرنى كۆڭلىگە پۈكتى.

ئۇ ئىككى كۈندىن كېيىن پۈتۈن ناھىيە بويىچە ئىدارە - ئورگان ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ يىغىنىنى چاقىردى.

سەنئەت ئۆمىكىنىڭ يازلىق چوڭ زالى يىغىن قاتناشقۇچىلىرى بىلەن تولغان. كامال شۇجى سەھنىدىن پەسكە قارىدى. مىڭلىغان كۆزلەر ئۇنىڭغا تىكىلگەن. ئۇ كۆزلەردە ئۈمىدمۇ، ھۆرمەتمۇ، خۇشامەتمۇ، مەسخىرىمۇ بار ئىدى. زال ئىچى ۋاراڭ - چۇرۇڭنىڭ بوغۇق شاۋقۇنى بىلەن تولغان. تۆت - بەش كاللا بىر يەرگە بولۇۋېلىپ، نېمە توغرۇلۇقتۇر گۇدۇڭشىماقتا. قايسىبىرلىرى كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىشقان. ئۇلار مۈگدەۋاتامدۇ ياكى خىيال سۈرۈۋاتامدۇ، بۇنى بىلىش قىيىن. مانا بۇ كامال شۇجىنىڭ ئالدىدىكى كىشىلىك دۇنيا، مانا بۇ جەمئىيەت. شۇ تاپتا ئۇلار نېمە توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتقان، خىيال سۈرۈۋاتقان بولۇشى مۇمكىن؟

كامال شۇجى سەل ئويلىنىۋالدى. ئۇ يىغىننىغۇ چاقىردى، كۆڭلىدە سۆزلەيدىغان بىر تالاي سۆزى باردەك قىلغان بىلەن، بىر ۋاراق سۆز تېزىسى تەييارلىمىغان.

— يولداشلار! — ئۇ مىكروفوننى سەل ئالدىغىراق تارتىپ، بىر خىل سالماق ئەمما زالنى تىترەتكۈچى كۆتۈرەڭگۈ ئاۋازدا سۆزىنى باشلىدى؛ — مەن بۇرۇن بۇ ناھىيىدە بۈگۈنكىدەك چوڭ كۆلەملىك ئاممىۋى يىغىنغا قاتنىشىپ باقمىغانلىقىم ئۈچۈن، بۇرۇن مۇنداق يىغىنلارنىڭ قانداق ئۇسۇلدا ئېچىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيمەن. مەيلى بۇرۇنقى يىغىنلارنىڭ قائىدە - تەرتىپلىرى قانداق بولسۇن، مەن بۈگۈن ئۇنىڭدىن سەل ئۆزگىچە يول تۇتماقچىمەن. سەنئەت ئۆمىكىنىڭ يازغۇچىسى يولداش قۇربان ئەلى، تامتوغراق كەنتىدىكى دېھقان مەھمۇد قارى يىغىنغا كەلدىمۇ؟

زال ئىچى تەۋرەندى. گۇدۇڭشىغان ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى. ئاندىن كېمىدۇر بىرى پەستىن:

— كەپتۇ، مانا . . . مەيەردە! — دەپ ۋارقىرىدى.

— مەن بۇ ئىككىيلەننىڭ رەئىس سەھنىسىگە چىقىشىنى تەكلىپ قىلىمەن! — كامال شۇجى بويىنىنى پەسكە سوزۇپ ئىككىيلەننى ئىزلىدى، — قېنى، سەھنىگە چىقىڭلار، ئولتۇرىدىغان جاي يوقمىكەن دەپ قىسىلماڭلار، ئاتايىتەن سىلەرگە ئاتاپ يېنىمغا ئىككى ئورۇندۇق قويۇپ قويدۇم!

ئولتۇرغانلار بىرلىرى بويىنىنى سوزۇشۇپ، بىرلىرى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، بىرلىرى ھەۋەس، بىرلىرى ھەسەت بىلەن ئىككىيلەنگە قاراشتى. ئىككىيلەن ھودۇققان، قورۇنۇپ قىسىلغان ھالدا بىر - بىرىنى سەھنىگە ئىتتىرىشىپ رەئىس سەھنىسىگە چىقىپ كەلدى. كامال شۇجى سۆزىنى داۋام قىلىپ دېدى:

— مەن ئالدى بىلەن ناھىيىلىك پارتكومغا ۋەكالىتەن يولداش قۇربان ئەلىگە رەھمەت ئېيتىمەن. مەن شۇنىڭ ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىمەنكى: يولداش قۇربان ئەلى ئۆزىنىڭ يېقىندا ئېلان

قىلغان «ئىمتىياز ۋە ھەقىقەت» ناملىق ھېكايە-
سى ئارقىلىق ناھىيىلىك پارتكومغا مۇنداق بىر
كەسكىن سوئالنى يەنى پارتكوم دېگەن نېمە؟
ئۇ پارتىيىنىڭ خەلقنىڭ دەرد - ھالىغا يېتىدى-
غان سىياسىي تەشكىلاتىمۇ ياكى خەلقنى قاقشىتى-
دىغان يامۇلمۇ؟ دېگەن سىياسىي خىتابنى ئوتتۇ-
رىغا قويدى. ماڭا پارتكومدىكى مەلۇم رەھبە-
رىي يولداش بۇ ھېكايىنى پارتىيىگە، پارتىيە
رەھبەرلىكىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن قىلىنغان
ھۇجۇم دەپ ئىنكاس قىلغاندىن كېيىن، بۇ ھې-
كايىنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقتىم. ئوقۇغانسېرى
شۇ رەھبەرىي كادىرنىڭ دۆت، بىلىمسىزلىكى-
نى ئۈچۈن ئېچىندىم، غەزەپلەندىم. ئېھتىمال شۇ
چاغدا قاش - قاپاقلىرىممۇ تۈرۈلۈپ كەتسە كې-
رەك. لېكىن ئۇنى بەزىلەر باشقىچە چۈشىنىپتۇ.
مېنىڭ قۇربان ئەلىگە بولغان غەزىپىم دەپ ئويلاپتۇ.
نەتىجىدە ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق، بەزىلەر
ئۆز ئايىغىدىن ئۈركۈپ، قۇربان ئەلىنىڭ ئۆيى-
نىڭ توكىنى كېسىشىپتۇ. ئايالىنى مەكتەپتىن
ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچىلىقتىن قالدۇرۇشۇپتۇ. قۇر-
بان ئەلىنىڭ ئاتالمىش خاتا ھېكايىسىنى پۈتۈن
ناھىيىگە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش بىلەن تەنقىد قىل-
ماقچى، ئاندىن ئۇنىڭ خىزمىتىنى يۆتكەپ تا-
رىم باشلانغۇچ مەكتىپىگە يۆتكىۋەتمەكچى بولۇ-
شۇپتۇ. مەن بۇ ئىشنى ئاڭلاپ تولىمۇ ھەيران
بولدۇم، كۈلدۈم، غەزەپلەندىم. نېمىشقا؟ راستى-
نى ئېيتسام، مەن بۇ ئىشنى ئەقلىمگە سىغدۇ-
رالمىدىم. مەن شۇ كۈنكى يىغىنغا قاتناشقان
رەھبەرىي كادىرلاردىن سوراپ باقاي. بۇ نېمە
ئىش؟ پارتىيىنىڭ سىياسەت - فاڭجېنلىرى بويى-
چە ئىش قىلماي، بىراۋنىڭ قاش - قاپىقىغا
قاراپ خىزمەت فاڭجېنىنى بەلگىلەيدىغان كىشى-
لەرنى نېمە دېيىش كېرەك؟ مەن شۇنى ئوچۇق
ئېيتىپ قويايكى، مەن بۇ ناھىيىدە بىر كۈن
شۇجى بولۇپ تۇرىدىكەنمەن، بۇنداق كىشىلەر-
نىڭ بىر كۈن ئەمەلدار بولۇپ تۇرۇشىغىمۇ يول
قويمايمەن!

زال ئىچى بىردىنلا تىمتاسچىلىققا چۆمدى.

— قۇربان ئەلىنىڭ ئۇ ھېكايىسى گەرچە بە-
دىئىي تولۇقلىما بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ناھىيىمىزدى-
كى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنىڭ رېئال ئىنكاسى.
مەن كېيىن قۇربان ئەلىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇ-
نىڭ بىلەن سۆزلەشتىم، دەسلەپتە قىزىرىشتۇق، مۇنا-
زىرىلەشتۇق، لېكىن ئاخىرىدا ئۇنىڭ سوئال - سو-
راقلىرى ئالدىدا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن بىر ئېغىز
سۆز تاپالماي قالدىم. بۇ ئىش مېنىڭ كېيىن
پۈتۈن ناھىيىنى يەنە بىر قېتىم كېزىپ، قايتى-
دىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىمنىڭ كۈچلۈك
تۈرتكىسى بولدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە بىز-
نىڭ خىزمىتىمىزدە بۇرۇن بايقالمىغان نۇرغۇن
نۇقسان - خاتالىقلارنىڭ ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان-
لىقىنى بايقىدىم. مەن سىلەرگە يولداش قۇربان
ئەلىنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ قو-
ياي. ئۇ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن، ئەمما
ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا
ئىگە بولغان زىيالىي. ئۇ پارتىيە 3- ئومۇمىي
يىغىنىدىن كېيىن، بىر مۇنچە ياخشى ئەسەرلەر-
نى ئېلان قىلغان مول ھوسۇللۇق ئىقتىدارلىق
يازغۇچى. ئۇ خىزمەتكە قاتنىشىقىنىغا يىگىرمە
يىلدىن ئاشقان، ئەمما مائاشى يىگىرمە تۆتىنچى
دەرىجىدىن ئاشمىغان. ئۇنىڭ ھازىرقى تۇرۇۋات-
قان ئۆيىچۇ؟ تاشلاندۇق كەپە! ئۇ بىر دۆلەت
خىزمەتچىسى بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك تۇر-
مۇش شارائىتىنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسىگىمۇ
ئېرىشەلمىگەن. ئەمما ئۇ ئەشۇ تاشلاندۇق كەپى-
دە ياشاۋېتىپ ناھىيىمىزدىكى ئۈچيۈز نەچچە مىڭ
خەلقنىڭ غېمىنى يېگەن. سەنئەت ئۈمىكى ئۈچۈن
نۇرغۇن ياخشى سەنئەت نومۇرلىرىنى، سەھنە
ئەسەرلىرىنى يېزىپ، ئۇزۇن يىلدىن بېرى زې-
يان تارتىپ، دۆلەتكە تايىنىپ جان بېقىپ كېلى-
ۋاتقان ئورۇننى پەيدىنپەي پايدا ئالىدىغان
ئورۇنغا ئۆزگەرتكەن. ئەمما ئۇ بۇنىڭ بەدىلىگە
خورلانغان، تۆھمەت - زەربىگە ئۇچرىغان، ھەت-
تا ناھىيە بويىچە گۇمانلىق ئادەملەر رويخېتى-
گە كىرگۈزۈلگەن. مېنىڭچە مۇنداق نامۇۋاپىق
ئەھۋال يالغۇز بۇ ناھىيىدىلا ئەمەس، پۈتۈن
جۇڭگو بويىچە مەۋجۇت. جەمئىيىتىمىزدە پۈتۈن

ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ۋە دۆلەت مەنپەئەتى ئۈ-
چۈن تىرىشىپ ئىشلەيدىغان ئاجايىپ ئادەملىرى-
مىز بار. ئۇلار خىزمەتتە قۇۋۋلۇق - شۇملۇقنى
بىلمەيدۇ. ھورۇنلۇق، پاسسىپلىق ۋە لايغەزەل-
لىكنى ئۆزى ئۈچۈن نومۇس ھېسابلايدۇ. بۇلار
كىم؟ بۇلار جەمئىيەتنىڭ ئاكتىپ ھۇجەيرىسى،
دەۋر تەرەققىيات كۈچىنىڭ يادروسى. ئەمما،
ئەڭ ئېچىنارلىقى شۇكى، مۇشۇنداق كىشىلەر تې-
خى بۈگۈنكى كۈندىمۇ جەمئىيەتتە ئۆزىنىڭ تې-
گىشلىك قەدرى - قىممىتىنى تاپالمىدى. بىز-
نىڭ بەزى رەھبىرىي كادىرلىرىمىز ئۇلارنىڭ
تۆھپىلىرىنى، خىزمەتتىكى ئۇتۇقلىرىنى كۆرمەي،
خىزمىتىدىكى ئۇ خىل ياكى بۇ خىل نۇقسانلى-
رىغا ئېسىلىۋېلىپ ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىشتى.
ئۇنىڭ ئەكسىچە، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدى-
غان بىلىمسىزلەر، كىرپىدەك تۈگۈلۈۋېلىپ،
دۆلەتنىڭ مائاشىنى ھارام يەيدىغان تىرىكتاپ-
لار ئەزىزلەندى. بۇ نېمە دېگەن تەڭسىزلىك؟
مەن يەنە قۇربان ئەلىنىڭ ئىشىغا كېلەي، ئۇ
بۇرۇن نېمە ئۈچۈن جازالىنىپ تۈرمىدە يات-
قان؟ ئۇ ئەمدى يەنە نېمە ئۈچۈن جازالانماقچى
بولىدۇ؟ بىزنىڭ بەزى رەھبىرىي كادىرلىرىمىز
ئۇنىڭغا نېمانچە ئۆچ؟ چۈنكى ئۇ راست گەپ
قىلغىنى، ھەقىقەتنى سۆزلىگىنى ئۈچۈن - دە!
ئۇ ئۆزىنىڭ «ئىمتىياز ۋە ھەقىقەت» ناملىق ھې-
كايىسى ئارقىلىق ئاقتاش سۇ ئامبىرىنىڭ
ئىككى يېزا دېھقانلىرىغا كەلتۈرگەن بالايى -
ئاپەتلىرىنى ئادىل ئىنكاس قىلغانلىقى بۇنىڭ
تىپىك مىسالى. مەن سۇ ئامبىرىنى تەكشۈرۈپ
چىقتىم. ئۇنىڭ ناھىيىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىگە
كەلتۈرگەن پايدىسى بىلەن زىيان نىسبىتى توغ-
رىسىدا قولۇمدا ئېنىق ماتېرىيال بار. مېنىڭچە
ئۇ ناھىيىمىزنىڭ تەبىئىي ئېكولوگىيىسىدىكى تەڭ-
پۇڭسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەڭ چوڭ خا-
تا قۇرۇلۇش. بۇ توغرۇلۇق بىز ناھىيىلىك پارت-
كومدا بىر قارار ماقۇللاپ، بۇ خاتالىقنى تۈ-
زىتىشنىڭ چارە - تەدبىرلىرى توغرىسىدا يۇقى-
رىغا دوكلات يازماقچىمىز. بىزنىڭ بەزى رەھ-
بىرىي كادىرلىرىمىز بۇ توغرۇلۇقمۇ ئەسلا
ئويلىنىپ باقمىغان، ئەكسىچە، بۇ ئىش توغرۇ-
لۇق باش قاتۇرۇپ، ئۆز پىكرىنى ئادىل ئوتتۇ-
رىغا قويغان يولداشلارنى ئوپۇلا - توپۇلا ئوت-
تۇرىغا چىقىپ جازالىماقچى بولۇشقان. باشقى-
سىنى قويۇپ تۇرۇپ، 4 - ماي ھەرىكىتىدىن
كېيىنكى جۇڭگو مەدەنىيەت تارىخىنى مىسالغا ئا-
لايلى، بىزنىڭ نۇرغۇن يازغۇچى، شائىرلىرىمىز،
سەنئەتكارلىرىمىز چىرىك فېئودالىزم ۋە گومىن-
داڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى باتۇرلارچە كۈ-
رەش قىلغىنى ئۈچۈن، تۈرمىلەرگە قامالغان.
قانلىرى ئاققان، باشلىرى كېسىلگەن. مەن قۇر-
بان ئەلىگە شۇنچىلىك ئەزىيەت بار يولداشلار-
دىن سوراپ باقاي، سىلەر ئەمدى ئۇنى نېمە
قىلماقچى؟ جاۋاب بېرىڭلار، قېنى نېمە قىلماق-
چى؟! ھەقىقەتنى كۆرگەن كۆزىنى ئويماقچىمۇ؟
راست گەپ قىلغان تىلىنى كەسمەكچىمۇ؟ خەلق
ئۈچۈن قەلەم تۇتقان قولىنى ئۈزۈپ چاقماقچى-
مۇ؟ مېنىڭچە بىر ھەقىقىي يازغۇچى جەمئىيەتنىڭ
كۆزى ھەم قۇلىقى. ئۇ دەۋرنىڭ ئەڭ سەزگۈر
بارومېتىرى. ئۇلار شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز ئەسەرلى-
رىدە جەمئىيەتنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئەينەن
ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىگەن. بىز پارتىيە ئەزا-
لىرى نېمە ئۈچۈن جەمئىيەتنىڭ ئەشۇنداق ئەي-
نەن، جاراڭلىق ساداسىنى ئاڭلاشتىن قورقىمىز؟
نېمە ئۈچۈن ماختاپ ئۇچۇرۇشنىلا ياقتۇرۇپ،
ئامىمىنىڭ بىزنى تەنقىدلىشىگە، خاتالىقتىن ئا-
گاھلاندۇرۇشىغا قارشى تۇرىمىز؟ ئەگەر مۇشۇن-
داق ئىللەتلەر بىزنىڭ ئويلىشىمىزغا ئەرزىمەي-
دىغان بولۇپ قالغان بولسا، كوممۇنىستلارنىڭ
جەڭگىۋار، ئاۋانگارتلىق رولى نەدە قالىدۇ؟
مەن تەشكىلات بۆلۈمىگە يولداش قۇربان ئەلى-
نى پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىگە يۆتكەشنى
ئويلىشىپ كۆرۈش توغرۇلۇق تەكلىپ بېرىمەن.
ئۇ پارتكوم ئورگىنىغا كەلسۇن، پارتكومغا،
شەخسەن ماڭا مەسلىھەتچى بولۇپ ئىشلىسۇن.
ئاڭلىشىمچە، ناھىيىمىزدە مۇشۇنداق ئىختىسا-
لىق خادىملاردىن خېلى بار ئىكەن. بىراق، ئەڭ
ئېچىنارلىقى، ئۇلاردىن بىر نەچچىسى رەھبەر-
لىكتىن كۆڭلى ئاغرىپ، باشقا جايلارغا يۆتكى-

لىپ كېتىپتۇ. ئەمدى قالغانلىرىنىمۇ چىشلەپ ـ
قاباپ ناھىيەمىزدىن تەزدۇرۇۋەتسەك، بىز ئۇ-
چۇن ئۇيات! ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلات-
لىرى ۋە رەھبەرىي يولداشلار ئۇلارنى ياخشى
خىزمەت شارائىتىدىن بەھرىمەن قىلىشى، ناھى-
يەمىزنىڭ پەن ـ مەدەنىيىتى ۋە ئىقتىسادىي قۇ-
رۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا ئىلھاملاندۇرۇ-
شى لازىم. مانا بۇ بۈگۈنكى سۆزلىمەكچى بول-
غانلىرىمنىڭ بىرىنچىسى. ئىككىنچىسى: تامتوغ-
راق باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى ئوقۇش توختاش
مەسىلىسى. بۇ مەكتەپنىڭ ئىشخانا، سىنىپلىرى
زەي ئاپتىدە ۋەيران بولۇپ ئۆرۈلۈپ چۈشكەن-
لىكتىن، مەكتەپ رەھبەرلىكى ناھىيىلىك مائارىپ
ئىدارىسىگە مەكتەپ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن پۇل تە-
لەپ قىلىپ ئۇرغۇن قېتىم دوكلات يازغان. مائا-
رىپ ئىدارىسى دوكلاتنى قانداق بىر تەرەپ قىلغان؟
يولداشلار كۆرۈپ بېقىڭلار، ــ ئۇ سومكىسىدىن
بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ، تۆۋەندىكىلەرگە
كۆرسەتتى، ــ مانا بۇ، مەكتەپنىڭ توققۇزىن-
چى قېتىملىق دوكلاتى. بۇنىڭ بۇرجىكىگە مائا-
رىپ ئىدارىسىنىڭ جۇيجاڭى نېمە دەپ تەستىق
سايتۇ دېمەمسىلەر؟ راستىنى ئېيتسام بۇ تەستىقنى
سىلەرگە ئوقۇپ بېرىشكىمۇ خىجىل بولىمەن.
ئەمما ئەمدى ئاشكارىلىماي ئامالىم يوق. «تەلى-
پىڭلار ئورۇنلۇق. ئەمما ھازىرچە مۇنچىلىك
پۇلنى ھەل قىلىپ بېرىشكە ئامالىمىز يوق. شۇ-
ڭا پۇل ھەل بولغىچە ئوقۇغۇچىلارنى ۋاقىتلىق
تەتىلگە قويۇپ بېرىپ تۇرۇڭلار». مەن ئالدىن-
لاردا سەتچىلىك بولسىمۇ شۇنى ئېيتاي، مەن
بۇ تەستىقنى ھاجەتخانىغا ئاپىرىپ سېسىق
نىجاسەت ئارىسىغا تاشلىۋەتمەكچىمەن.

زالنى قاتتىق كۈلكە، گۈلدۈرلىگەن چاۋاك
ئاۋازى تىترىتىۋەتتى. كامال شۇجى قولىدىكى
قەغەزنى پۇرلاپ يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ دېدى:

ــ بۇ تەستىقنىڭ سېلىنغىنىغا بىر يىلدىن
ئاشقان. ئەمما بىر تىيىن ھەل بولمىغان. مەن
مائارىپ راسخوتى ئۈچۈن ئاجرىتىلغان شۇنچى-
ۋالا كۆپ پۇلنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سۈرۈش-
تۈرۈپ باقتىم. جۇيجاڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن
قارار چىقىرىپ ئۇ پۇلنىڭ بىر قىسمىنى كىچىك
ماشىنا سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئىچكىرىدىكى قايسى-
بىر ئاپتوموبىل زاۋۇتىغا پېرېۋوت قىلدۇرۇۋەت-
كەن. يەنە بىر قىسمىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئول-
تۇراق جاي سېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىۋەتكەن.
جۇيجاڭ يىغىنغا كەلدىمۇ؟! ــ زالدىكىلەر يەنە
گۇرۇلدىشىپ، بويۇنلىرىنى سوزۇ-
شۇپ، زالنىڭ بىر بۇرجىكىدە شەپ-
كىسىنى كۆزىگە چۈكۈرۈپ كىرىپدەك تۈگۈلۈپ
ئولتۇرغان جۇيجاڭنىڭ توخۇمدەك دۈگىلەك،
جىگدە كۆتىكىدەك كۆرۈمسىز، قوپال گەۋدىسىگە
مەسخىرە بىلەن تىكىلىشتى، ــ بىز جۇيجاڭدىن
سوراپ باقايلى. ئۇ تۆۋەننىڭ ئەرز ـ دادى بىلەن
ھېسابلاشماي، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن شۇنچىۋالا
خاتا ئىشلارنى قىلىۋېتىشكە ھوقۇقلۇقمۇ؟ مۇنداق
رەھبەرنىڭ ناھىيىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرى
ئۈچۈن زادى قانچىلىك پايدىسى بار؟ تامتوغ-
راق باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق ھالىنى
بۇ جۇيجاڭ ئۇنتۇپ قالغىنى بىلەن، دېھقانلار
ئۇنتۇپ قالمىغان. مانا بۇ كىشى، ــ ئۇ رەئىس
سەھنىسىدىكى ھېلىقى شاپ بۇرۇت دېھقاننى
كۆرسىتىپ دېدى، ــ تامتوغراق كەنتىدىكى دېھ-
قان مەھمۇد قارى. ئۇ مەكتەپ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن
قىرىق مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. ئۇ نېمە ئۈچۈن
ئىئانە قىلدى؟ ئۇ باي بولغاندا، نامراتلارنى
ئۇنتۇپ قالمىغان. پەقەت ئىلىم ـ پەنلا كىشىلەرنى
بەخت ـ سائادەتلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرىدىغان-
لىقىنى، كېيىنكى ئەۋلادلار پەقەت ئىلىم ـ پەن
ئارقىلىقلا چەكسىز ئىستىقبالغا ئىگە بولالايدى-
غانلىقىنى چۈشەنگەن. مەن ناھىيىلىك خەلق
ھۆكۈمىتىگە يولداش مەھمۇد قارىنى تامتوغراق
باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ پەخرى مۇدىرلىقىغا تە-
يىنلەش ۋە بۇ مەكتەپنى «مەھمۇد قارى مەكتى-
پى» دەپ ئاتاش توغرۇلۇق ئۇقتۇرۇش چىقىرىش
توغرىسىدا تەكلىپ بېرىمەن!

شادلىق ۋە ھۆرمەت ئالقىشى زالنى لەرزىگە
كەلتۈردى. مىڭلىغان كۆزلەر بۇرۇن ئىسمى ـ زاتى
ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان؛ بۈگۈن بىردىنلا نا-
ھىيىنىڭ ئەڭ ئېتىبارلىق ئادىمىگە ئايلىنىپ

پارتكوم شۇجىسىنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالغان بۇ ئاددىي دېھقانغا تىكىلگەنىدى.

كەچتە كامال شۇجى ئۆيىدە چاي ئىچىپ ئولتۇرغاندا، تىترىقلاپ ئىشىك چېكىلدى. كامال شۇجى ئىشىكنى ئېچىپ، بوسۇغىدا كۈلۈمسىرەپ قول باغلاپ تۇرغان كېرىم بوجاڭنى كۆرۈپ:

— كىرسىلە، كىرسىلە. قېنى ئۆيگە كىرسىلە كېرىم بوجاڭ، — دېدى.

شۇنداق ئادەملەرمۇ بار. ئىچىدە يىغلاپ تۇرغىنى بىلەن چىرايىدىن كۈلكە تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەشەددىي رەقىبلىرى ئالدىدىمۇ ئەشۇ كۈلكىسى بىلەن ئۆزىنىڭ غەزىپىنى، زەئىپلىكىنى ۋە مەغلۇبىيىتىنى كەمتەرلىك، مۇلايىملىق ۋە خۇشپېئىللىق قىلىپ كۆرسىتەلەيدۇ. ئۇلار سىياسىي جەھەتتە ئەڭ سەزگۈرلا ئەمەس، كىشىلىك مۇناسىۋەتتىمۇ تەجرىبىگە ئەڭ باي كىشىلەر.

— مانا... ئۇقۇقاندەكلا كىرىپتىمەن، — دېدى كېرىم بوجاڭ جوزا ئۈستىدىكى نان بىلەن پىيالىدىكى چايغا قاراپ، — شۇجى تۇرۇپ قۇرۇق نان يەپ ئولتۇرغانلىرى نېمىسى؟ قويسىلا... قويسىلا. ئەختەرخان ئىشتىن چۈشۈپ نارىنغا تەمشىلىپتىكەن، پىشىپمۇ قالدى. قېنى، يۈرسىلە.

— نارىن يەيمىزمۇ ئەمسە، ياخشى گەپ، — كامال شۇجى پىيالىگە چاي قۇيۇپ، ئۈستىگە ئىككى چاقماق قەن تاشلىدى، ئاندىن كېرىم بوجاڭنىڭ ئالدىغا قويدى، — قېنى چايغا بېقىڭ، سەل تۇرۇپ چىقىمىز-دە ئەمدى.

— ئەستا، نارىننىڭ چۆپى قېتىپ قېلىپ...

— ھېچ ۋەقەسى يوق، بويتاقنىڭ چېيىدىن بىر پىيالە ئىچمىسىڭىز قانداق بولىدۇ؟

— ئىچەي ... ھى ... ھى ... ئىچمەمدىغان، دېگەن بىلەن بويتاقلىقىڭىزمۇ مۇشۇنداق پەيزىيەرلىرى بار-دە، — كېرىم بوجاڭ پىيالىنى قولىغا ئاۋايلاپ ئېلىپ، نان بىلەن ئىچىدىكى قەننى ئارىلاشتۇردى. ئاندىن بىر-ئىككى ئوتلاپ پىيالىنى جوزىغا قويدى، — شۇغىنىسى سىلى سىرتتىن ھېرىپ-ئېچىپ كىرگەندە ئالدىلىرىغا مۇشۇنداق قەن چاي ئەكېلىپ تۇرىدىغانىدىن بىرسى يوق بولۇپ قالدى-دە ... ھى ... ھى... ھېلى بىزنىڭ ئەختەرخاننىڭ ئاغزىدىن بۇ توغرۇلۇق بىر خۇش خەۋەر ئاڭلايلىمغۇ...

— نېمە خۇش خەۋەر؟

— ھى ... ھى ... ئۆزلىرىگە رادىئو ئۆزىلىدىن بىر لايىق تاپقان ئوخشايدۇ. ئۇ قىزنى مەنمۇ بىلىمەن، ئۆزى پارتىيىلىك، دادىسى دەم ئېلىشقا چىققان پېشقەدەم رەھبىرىي كادىر.

كامال شۇجى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە يۆلىنىپ كېرىم بوجاڭغا بىر خىل كۆڭۈلسىز نەزەردە تىكىلدى:

— بىراق، مەن تۇرمۇش ئىشىم توغرۇلۇق ئويلىنىپ كۆرمىدىم-دە، خۇش، بۈگۈنكى يېغىن توغرۇلۇق قىسقىچىلا پاراڭلىشايلى، سىزگە بېرىلگەن تەنقىد سەل قاتتىق بولۇپ كەتتىمۇ قانداق؟

— ياقەي، نەدىكىنى؟ — كېرىم بوجاڭ گويا بۈگۈنكى يىغىن توغرىسىدا ھېچقانداق تەسىراتى يوقتەك ساددىلارچە كۈلۈمسىرىدى، — مەن ئېھتىمال، قۇربان ئەلىنىڭ ئۇ ھېكايىسىگە سىياسىي جەھەتتىن تەلەپنى قاتتىقراق قويۇۋەتكەندىمەن.

— ياق، مېنىڭچە بۇ سىياسىي جەھەتتىن قاتتىق بولۇش مەسىلىسى ئەمەس.

كېرىم بوجاڭ تەمتىرەپ ئىككى يېنىغا مەقسەتسىزلا تەۋرەپ قويدى.

— ئەمسە مەن بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمىدىم كامال شۇجى.

— مېنىڭچە بىلىسىز، — كامال شۇجىنىڭ چىرايى تەمكىن، ئەمما جىددىي تۈس ئالدى، — بۇ ھېكايىنى سىزنىڭ نېمە ئۈچۈن پارتىيىگە، پارتىيە رەھبەرلىكىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن قىلىنغان ھۇجۇم دەپ شەرھلىگەنلىكىڭىزگە كەلسەك، ئۇنىڭدىكى بەزى سەۋەبلەر ئۆزىڭىزگە مەلۇم. بۇ توغرۇلۇق سىزگە يەنە ئېغىز ئېچىپ ئولتۇرۇشۇم ھاجەتسىز. يەنە ئۇنىڭدىن باشقا سەۋەبلەرمۇ بار. مەسىلەن، سىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتكە

www.uyghurkitap.com

بولغان قارىشىڭىز ۋە باشقا پەنلەردىكى بىلىم ئىقتىدارىڭىز.

— مەن ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، — كامال شۇجى.

— كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن، ئەمما مەن سىزنىڭ ئۇ سالاھىيىتىڭىزنى ئېتىراپ قىلمايمەن.

— نېمىشقا؟ — كېرىم بوجاڭنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، — ئەگەر ئىشەنمىسىلە، مەن سىلىگە ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەنلىك دىپلومىنى كۆرسىتەي، ھازىرلا ...، — ئۇ ئورنىدىن تۇردى.

— لازىمى يوق، ئولتۇرۇڭ، كېرىم بوجاڭ. دىپلومنى ھېچقاچان بىرەر كىشىنىڭ بىلىم ئىقتىدارىنىڭ ئورنىغا دەسسەتكىلى بولمايدۇ. گېپى كەلگەندە، شۇنىمۇ سوراپ ئۆتەي، سىز ئالىي مەكتەپتە قانچىنچى يىلى ئوقۇغان، نەچچە يىل؟ قايسى فاكۇلتېتتا؟ سىز دىپلومغا قانداق ئېرىشكەن؟

كېرىم بوجاڭ بوشاشقان، كالپۇكلىرى ساڭگىلىغان ھالدا ئۈنسىز ئولتۇرۇپ قالدى. كامال شۇجى داۋام قىلىپ دېدى:

— بۈگۈن سىز بىلەن بۇ توغرۇلۇق تەپسىلىي سۆزلەشمەكچىمۇ ئەمەسمەن. يەنە ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى. سىز تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بوجاڭى ئىكەنسىز، ناھىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت، مەدەنىيەت ئىشلىرىغا بولغان سىياسىي جەھەتتىكى تەلەپچانلىقىڭىزنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويسىڭىز بولمايدۇ. ئەمما بۇ ھەرگىزمۇ ئەدەبىيات-سەنئەتكە قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىۋېلىش، چات كىرىۋېلىش دېگەنلىك ئەمەس. ئەدەبىيات-سەنئەت ئۇ بىر پەن، پەن بولغانىكەن، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى، قانۇنىيىتى بولىدۇ. سىز ئۇ قانۇنىيەتلەرنى ئەلۋەتتە چۈشىنىشىڭىز، تەتقىق قىلىشىڭىز كېرەك-تە. سىز نېمە ئۈچۈن ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ جەمئىيەتتىكى رېئال ھاياتنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيسىز؟ بىز ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىشىمىز، ئۇنى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك.

— بىراق، ئۇلار ئىجادىيەت ئەركىنلىكى دېگەندىن پايدىلىنىپ، پارتىيىمىزنىڭ توغرا قارارلىرىغا ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ.

— مەسىلەن، قايسى قارار؟

— ئاقتاش سۇ ئامبىرى ... بۇ سۇ ئامبىرىنى قۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپنى ئەمەت شۇجى ئوتتۇرىغا قويغان، ناھىيىلىك پارتكوم قارار قىلغان. يەرلىك كومىتېت تەستىقلىغان. ئاپتونوم رايون ئەنگە ئالغان.

— ھەقىقەتنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى بىر ياكى بىرنەچچە رەھبەرنىڭ قارارى ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەت. بۇ ماركسىزمنىڭ پەلسەپىدىكى ئەقەللىي چۈشەنچە، قۇربان ئەلىنىڭ ھېلىقى ھېكايىسى شۇنىڭ ئۈچۈن زور ئەھمىيەتكە ئىگەكى، ئۇ بۇ نۇقتىنى بەدىئىي سۈرەت ۋاستىسى ئارقىلىق دادىللىق ۋە ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويغان.

— ئۇنى شۇنىڭ ئۈچۈنلا تەشۋىقات بۆلۈمىگە يۆتكەشنى قارار قىلدىمۇ؟ مېنىڭچە سىلە بۇ ئىشتا بەك ئالدىراپ كەتتىلە كامال شۇجى، ئۇ تېخى پارتىيە ئەزاسىمۇ ئەمەس.

كامال شۇجى مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرىدى.

— ماڭا بىر كىشىنىڭ پارتىيىلىك سالاھىيىتىمۇ كېرەك. لېكىن ئەڭ مۇھىمى پارتىيە ۋە خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن جان تىكىپ ئىشلەيدىغان بىلىملىك، ئىقتىدارلىق ئادەم كېرەك، — دېدى كەسكىن قىلىپ.

كېرىم بوجاڭنىڭ يۈرىكى مۇزلىدى. پۇتلىرى ماغدۇرسىزلىنىپ دىرىلداپ تىترىدى. «ھەممە ئىش چۈشىنىشلىك بولدى، — ئەلەم بىلەن ئويلىدى ئۇ، — بۇ پەيىنەكباش، قۇۋان كىرىپنى ماڭا قارشى قويماقچى. ئاخىرىدا ئۇنى بوجاڭلىققا تىكلەپ، مېنى چەتكە چىقارماقچى...»

— يەنە بىر ئىشمۇ بار، — دېدى كامال شۇجى قولىدىكى بىر پارچە ناننى چايغا چىلاپ. ئاندىن ئاغزىغا سېلىۋېتىپ، — ئەختەرخاننىڭ رادىيو ئۈزىلىنىڭ مەسئۇللۇقىغا تەيىنلىنىشى مەسىلىسى...

www.uyghurkitap.com

— بۇنى ئۆتكەن يىلى ناھىيىلىك پارتكوم قارار قىلىپ بېكىتكەن، — ئالدىراپ ئىزاھلىدى كېرىم بۇجاڭ.

— دېكتورنىڭ ۋەزىپىسى مىكرافون ئالدىدا خورەك تارتىش ئەمەسقۇ دەيمەن. سىز تەشۋىقات بۆلۈم بۇجاڭى بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلغانىدىڭىز؟

كېرىم بۇجاڭنىڭ يۈزىگە دەرھال كۈلكە يۈگۈردى:

— ھى... ھى، ئۆز ۋاقتىدىلا ئەمەت شۇجىغا دوكلات قىلغان.

— ئۇ نېمە دېگەن؟

— بۇ ئەختەرخاننىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان تاسادىپىي يۈز بەرگەن سەۋەنلىك ئىكەن. بۇنى تەنقىد - تەربىيە ئارقىلىقلا ھەل قىلىۋېتىڭلار دېگەن.

— ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان دېدىڭىزما؟ — كامال شۇجى ئۇنىڭ خۇدۇكسىرەش بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرغان كۆزلىرىگە بىگىزدەك تىكىلدى، — ئۇنداقتا مىكرافون ئالدىدا يەنە خورەك تارتسىمۇ بولۇۋېرىدىكەن شۇنداقمۇ؟

— ياق ... ياق ... ئۇنداق ئەمەس، — كېرىم بۇجاڭ كامال شۇجىنىڭ يېرىمىداپ قالغان پىيالىسىغا چاي قۇيدى، — ئەختەرخاننىڭ رادىئو ئۈزەلنىڭ مەسئۇللۇقىغا ئۆستۈرۈلۈش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇنىڭدىن مېنىڭ ئەسلا خەۋىرىم يوق. راست گەپ. پارتكوم ئۇنىڭ پارتىيىلىك ئىستاژىنى ياكى ئايال كادىرلارنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش مەسىلىسىنى كۆزدە تۇتتىمىكىن، ئۇلار شۇنداق قارار قىلغانىدىكىن، مەن نېمىمۇ دېيەلەيتتىم؟

شۇ چاغدا ئىشىك يەنە چېكىلدى ۋە ئىشىكنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتمەستىنلا، ئېھتىمال يىراق يېزىدىن كەلگەن بولسا كېرەك، ئۈستىباشلىرىنى توپا - چاڭلار باسقان ئىككى دېھقان كىرىپ كەلدى. كامال شۇجى ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، كېلىڭلار، كېلىڭلار ...، — دېدى ئۇ.

— ئەستا...، — دېدى كېرىم بۇجاڭ ئالقانلىرىنى بىر - بىرىگە سۈركەپ، — ئۆيگە چىقىپ ئىشنى ......، — ئەمما ئۇ ئىچىدە پىچىرلىدى: «ياخشى بولدى، ئەمدى قاتتىق نېمىڭنى غاجىلاپ، داغ سۆيەكنى ئىچىپ ئولتۇرۇۋەر تاقىرباش! كېرىم بۇجاڭنىڭ ئالدىڭغا قويىدىغان ئېشىپ قالغان ئېشى يوق...»

كامال شۇجى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەك مۇنداق دېدى:

— كەچۈرۈڭ كېرىم بۇجاڭ، داستىخىنىڭىزغا داخىل بولۇش ماڭا نېسىپ بولماي قالدى.

## 9

لىگەندىكى نارىن چۆپ ئاللىقاچان قېتىپ، لەگپۇڭدەك ئۇيۇپ قالغان. پۈتۈن بىر كۈن نەپسى بالاسىدا يۈندا ئىچىپ، تاۋاق يالاپ تويمىغان ئاچكۆز چىۋىنلەر ئەمدى جوزا ئەتراپىدا گىژىلدىشىپ نارىننى ئىپلاس تۇمشۇقلىرى بىلەن يالاشماقتا.

كامال شۇجىنىڭ بايىقى سۆزلىرى ھەر ئىككىسىنىڭ كەيپىنى ئۇچۇردى. نارىن كېلىدىن ئۆتمىدى. ئۇلار خۇددى ئىگىسىدىن كالتەك يېگەن ئىتتەك، ۋابا تەككەن توخۇدەك ئۆينىڭ ئىككى بۇلۇڭىدا شۈمشىيىپ قېلىشتى. ھەر ئىككىسىنىڭ كاللىسىدا ئوخشاش بىر ۋەھىمىلىك خىيال: كامال دېگەن بۇ مەنباش تازىنىڭ ئالدىدا ئەمدى ھەر ئىككىسىگە ياخشى كۈن يوق. ئەمەلدىن ئايرىلىپ قېلىش — ئۇلار ئۈچۈن جاندىن ئايرىلىش بىلەن تەڭ. ئەمدى كېرىم بۇجاڭغا ھاكىملىقتا سايلىنىش دېگەن نەدە قالدى؟ بۇ ھېلىگەر تاقىرباشقا قوۋان كىرپىنىڭ نەرى ياراپ كەتتىكىن — ھە؟ ھىم... دەۋرنىڭ كۆزى، قۇلىقى، باتۇردىمىش ① تېخى. يازغۇچى؛ شائىر دېگەننىڭ بەرى يالغانچى، سۇۋاقچى. ئىست! شۇ ياتقانچە تۇرمىدىلا سېسىپ ئۆلسىچۇ شۇ كىرپە. ئادەمنىڭ زەر-

① باروھېترى دېگەن جۈملىنى خاتا تەلەپپۇز قىلىۋاتىدۇ.

دىمىنى قايىنتىپ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش دېگەن گەپ نەدىنمۇ چىقتى؟ بولمىسا تارىخنىڭ جاڭگاللىرىدا ئۆلۈپ تۈگەيتتى ـ دە ئۇ. ھازىر ئەمدى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىرلا ئۆتكەل قالدى. ئۇ بولسىمۇ پارتىيىۋىلىكنى ھەل قىلىۋېلىش، ئىلتىماستىن بىرنىلا يازدىمۇ، بولدى. ئىش تامام. ئۇنى بۇ مىسباش ئالدىدا تەستىقلايدۇ. پارتىيىۋىلىكى ھەل بولدى، دېمەك، مەندىن ھوقۇق كەتتى دېگەن سۆز. ئەمدى مۇنۇ ئەختەرنىڭمۇ ئىشى چاتاق بولىدىغان ئوخشايدۇ.

— ئوھوش! باشلىرىنى كۆتۈرسىلە، نېمانچە قىلىپ كەتكۈلۈك ئەمدى؟ سالپايماي ئەركىشىدەك ئولتۇرسىلا، ـ دېدى ئەختەرخان كېرىم بوجاڭغا زەردە بىلەن. كېرىم بوجاڭ ساڭگىلاپ كەتكەن قاپاقلىرى ئارىسىدىن خوتۇنىغا قارىدى.

— نېمە قىل دەيسەن مېنى؟

— زەھەر يۇتسىلا دېمىدىم، قارنىلىرىغا تىقىلسىلا دەۋاتىمەن.

كېرىم بوجاڭ جوزا ئۈستىدىكى نارىن چۆپكە ئىشتىھاسىزلىق بىلەن قاراپ قويدى.

— يېگۈم يوق تۇرىدۇ خوتۇن، ئەڭ ياخشىسى ماڭا بىر مەسلىھەت كۆرسەت، قانداق قىلىمىز؟ بۇ تاقىرباشقا قويىدىن بىرنى سويىمىزمۇ ـ يە؟

— قوي؟! زەھەر يېگۈزىمەن ئۇنىڭغا!

— نېمە، ئۇنىڭغا ئۆزەمنى تېتىتىمەن دېمەكچىمۇسەن؟

— ئەلۋەتتە. كىمكەن ئۇ؟ سىلىگە شۇنداق دېگەن تىلىنى كاچا قىلىۋەتمىسەم... قېنى قاراپ تۇرسۇن. ئەختەرخان مەن!

كېرىم بوجاڭنىڭ موكچىيىپ كەتكەن گەۋدىسى ئىچىگە يەل ئۇرۇلۇۋاتقان توپتەك ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلدى. كۆزلىرى ئۈمىدلىك كۈلۈمسىرەشتىن قىسىلىپ كەتتى.

— بۇنىڭ چارىسىنى ئويلاپ تاپقان ئوخشىمامسەن ـ ھوي؟

— ئەلۋەتتە، ـ ئەختەرخان مەنىلىك كۈلۈمسىردى، ـ بىراق... سىلە ئۇ چارىگە نېمە دەيلىكىن؟

— نېمە چارە؟ دېمەمسەن ئوچۇقراق، ـ دېدى كېرىم بوجاڭ تاقەتسىزلىنىپ.

— ۋىلايەتكە بېرىپ كېلەيمىكىن.

— ۋىلايەتكە؟... ـ كېرىم بوجاڭ يولۇنىغا پىچاق تەككەن كالىدەك سىلكىنىپ كەتتى. پېشانىسىدىن ۋىژىلداپ تەر كۆتۈرۈلۈپ چىقتى. كۆزلىرىنى جوزىدىكى نارىنغا ـ گىژىلداپ ئوچۇشۇۋاتقان چىۋىنلەر توپىغا تىكتى، كۆڭلى ئەشۇ چىۋىنلەرنى چاينىۋالغاندەك غەشلىككە تولدى.

— ۋىيەي، گەپ قىلمايلىغۇ؟

— ئە... ئەمەت ۋالىينىڭ قېشىغىمۇ؟

— ھەئە، ئەجەپ سوراپ كەتتىلىغۇ، كۈندەشلىكلىرى بارمىدى ـ يە سىلىنىڭ؟ ئوھوش! بارمىسام بارمىدىم، ـ دېدى ئەختەرخان ماي تارتىپ، ـ سىلىچۇ، نەدىكى پىياز كۆكى، سامساق شۆپىكى گەپكە ئابىان ئىشىنىلا.

— نە... نەدىكىنى؟ ـ كېرىم بوجاڭ غودۇڭشىغاندەك قىلدى، ئەمما خورلانغان ۋۇجۇدى تويۇقسىزلا لاپ قىلىپ تۇتاشقان ئازاب ئوتىدا قىلدەك تولغاندى. «ئەمەت» دېگەن بۇ ئىسىم ئۇنىڭ ھايات خاتىرىسىدە قىساس، ئۆچمەنلىك ۋە ھۆرمەت، ساداقەتنىڭ يىغىندىسى. چۈنكى كېرىم بوجاڭنىڭ تۇنجى يىگىتلىك غورۇرىنى دەپسەندە قىلغان رەقىبىمۇ، ئۇنى مەنسەپ تەختىگە ئولتۇرغۇزغان شەپقەتچىسىمۇ ئەشۇ ئەمەت ۋالىي.

... كېرىمنىڭ گۈگشىدىن پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىگە يېڭىدىن مۇئاۋىن بوجاڭ بولۇپ يۆتكىلىپ كەلگەن چاغلىرى. ئۇ ئەختەرنى تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا يانداش ئىشخانىدا خەت بېسىش ماشىنكىسى ئالدىدا كۆرگەنىدى. شۇ چاغلاردىمۇ تونۇردىن يېڭىلا سويۇۋېلىنغان ياغلىق توقاچتەك سېمىز، ئالتۇنچى ئاينىڭ سېرىق چىلگىسىدەك تولغان ئوماق ۋە خۇش مىجەزلىك بۇ قىز كېرىمنىڭ ياش يۈرىكىنى ئىشىق ئوتىدا كۆيدۈرگەن. قىزنى دېرىزىدىن ماشىنكا ئالدىدا ئىشلەۋاتقان ھالدا كۆرۈش ئۇنىڭ ئۈچۈن جان ئارامى، قايسىبىر ئىشنى باھانە قىلىپ، قېشىغا

www.uyghurkitap.com

كىرىپ، بىر - ئىككى مىنۇت پاراڭ سېلىشۋېلىش چەكسىز لەززەت ئىدى. لېكىن شۇ چاغدا پارتكومدا مۇئاۋىن شۇجى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئەمەت سىدىقنىڭ قىزنىڭ يېنىغا پات - پات كىرىۋېلىشى، ھاياسىز چاقچاقلارنى قىلىشى، گاھىدا تېخى كىچىك ماشىنىسىغا سېلىۋېلىپ نەلەرگىدۇ ئېلىپ كېتىشى كېرىمنىڭ زەردىسىنى قايناتاتتى.

كېرىم بىر كۈنى كەچتە ئەختەرنىڭ يالغۇز كىشىلىك ياتىقى ئالدىدىكى گۈللۈك ئارىسىغا يوشۇرۇندى. ئۇ، ياتاقتا ئەختەر بىلەن پاراڭلىشىۋاتقان قىز دوستلىرىنىڭ چىقىپ كېتىشىنى كۈتتى. ئۇ بۈگۈن ئەختەردىن بىر ئايدىن بېرى جاۋابسىز قېلىۋاتقان خېتىنىڭ جاۋابىنى سورىماقچى. «ئەمەت شۇجىغا ئالدىنىپ قالمىغىن» دەپ ئاگاھلاندۇرماقچى. ئۇ خېلىدىن بېرى گۈللۈك ئارىسىدا نەم يەرگە پاقىدەك چاپلىشىپ ياتماقتا. بىر چاغدا ئەختەرنىڭ قىز دوستلىرىمۇ چىقىپ كەتتى. كېرىم ئەمدى ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇپ، بېشىنى كۆتۈرۈشىگە گۈللۈك يېنىدىكى تار يولدىن بىر كىمنىڭ پەم بىلەن كېلىۋاتقان يېنىك ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. كېرىم گۈللەرنىڭ شېخىنى ئاستا قايرىپ، ئىشىك تەرەپكە مارىلاپ قارىدى. ئېيىقتەك گەۋدىلىك بىر كىم ئىشىكنى ئالدىراپ چېكىپ «ئەختەر... ئەختەرگۈل...» دەپ پىچىرلىماقتا ئىدى.

«ھە؟! ئەمەت شۇجىمۇ بۇ؟!» كېرىم ۋارقىرىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ قالدى. شۇئان ئىشىك ئېچىلدى. ئۆيدىكى لامپۇچكا نۇرى ئەمەت شۇجىنىڭ گەۋدىسىنى يورۇتتى: گىلەم دوپپا، ئاق كۆڭلەك! سۈرلۈك چىراي...

كېرىم رەشىق ئوتىدا پۇچۇلانغان يۈرىكى كۆكرەك قەپىزىگە شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇۋاتقان، گەۋدىسى تۈلكىگە ئېتىلىش ئۈچۈن راسلانغان ئىتتەك تۈگۈلگەن ھالدا ئىشىكتىن كۆزىنى ئۈزمىدى. ئەختەر ئىچ كىيىم ئىچىدە شۇنچىلىك گۈزەللىشىپ كەتكەنىدىكى، گويا سۈپسۈزۈك كۆل ئاستىدىن چىققان سۇ پەرىسىگە ئوخشاپ قالغانىدى.

— ئەمەت شۇجى...، — ئاستا پىچىرلىدى قىز. ئۇنىڭ نازلىق كۈلۈمسىرەش ئىچىدىكى ئاۋازى شامال تەككەن تىنىق سۇ يۈزىدەك تىترەپ كەتتى. «خەپ، ئەختەر ياتىقىغا كىرگۈزمىگىدى بۇ قېرى ئەبلەخنى. ئۇ شۇ تاپتا ئاۋازىنى سەللا كۆتۈرسە قېرى دەرۋازىۋەنمۇ يېتىپ كېلىدۇ...» دەپ ئويلىدى كېرىم. بىراق شۇ چاغدا بوسۇغىدا كېرىم ئويلىمىغان دەھشەتلىك بىر ۋەقە يۈز بەردى: ئەمەت شۇجى تۇغاننى يالماپ يۇتۇۋەتكەن قىيان سۈيىدەك ئەختەرنى بوسۇغىدىلا قۇچاقلاپ ياتاققا ئېلىپ كىرىپ كەتتى. ئىشىك يېپىلدى. كېرىم بېشى قايغان، كۆزىگە مىق سانچىلغاندەك بولۇپ، ھېچنەرسىنى كۆرەلمىدى. «نېمىشقا ۋارقىرىمايدۇ ئۇ بۇزۇق؟ — كېرىم گۈللۈك ئىچىدە يارىلانغان يىلاندەك تولغانماقتا، — سەتچىلىك بولۇشتىن قورقتىمۇ ياكى ئۇنىڭ شۇجىلىق ئەمەلىدىن قورقتىمۇ؟ ياق، ياق. ئۇ قېرى تۇڭگۇز سەللا ھەددىدىن ئاشسا ئۇ ۋارقىرايدۇ. ئۇ چاغدا مەن قانداق قىلىدىكەنمەن؟ ماشىنىست قىزنىڭ ياتىقىغا ئوغرى چۈشتى دەپ دەرۋازىۋەننى قىچقىرىمەن. بۇ خوتۇن بېدىكىنىڭ رەسۋاسىنى چىقىرىمەن.»

ئەمما ئۇزاق ئۆتمەي چىراقمۇ ئۆچۈرۈلدى. ئەجەبكى، ئەختەرنىڭ نە ۋارقىرىغان، نە يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلانمىدى. «ھەي ئىست! ھۇ قاۋان تۇڭگۇز... ھۇ بۇزۇق قانجۇق!...» كېرىم گۈللۈك ئارىسىدا ئىتتەك ئېغىناپ، گاھ نەم تۇپىنى، گاھ گۈل بەرگىلىرىنى چىشلەپ قاسماقتا. بارماقلىرىدا مورلىماقتا. «شۇ تاپتا دەرۋازىۋەننى چاقىرايمۇ، ياكى ئىشىكنى چېقىپ كىرىپ باسقۇنچى ئەبلەخنىڭ ئاغزى - بۇرنىنى قان قىلايمۇ، — كېرىم ئورنىدىن تۇرۇپ غەزەپ سەۋدايىلىقى ئىچىدە ئۆزى بىلەن كېڭەش قىلدى، — ئۇ چاغدا قانداق بولىدۇ؟ سەن شۇجىنىڭ كىرىپ كەتكىنىنى قانداق كۆردۈڭ. گۈللۈك ئىچىدە نېمىشقا مۆكۈنۈپ ياتتىڭ؟ دېسە نېمە دەيسەن؟ بۇغۇ مەيلى، بۇ مەلئۇن قاۋان بىلەن قوشۇلۇپ ئەختەرنىڭمۇ ئابرۇيى تۆكۈل-

سىچۇ؟ ئەڭ مۇھىمى... ئۇ ئۆز ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ كېيىن مەندىن ئۆچ ئالسىچۇ. ياق... ياق...» ئۇ ھەم يېپىلغان ئىشىككە، دېرىزىگە خېلىغىچە خورلۇق ئازابى ئىچىدە قاراپ تۇردى. ئۇ يىغلىۋەتتى. ئاخىرىدا ئېغىر مەستەك دەلدەڭشىپ ياتىقىغا كىرىپ كەتتى...

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئەمەت شۇجى كېرىمنى ئۇشتۇمتۇت ئىشخانىسىغا چاقىرىپ قالدى.

— ئەمەل دەرىجەڭنى ئۆزگەرتسەك نېمە دەيسەن؟

«ئىم!... قىلمىشىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قاپتۇ بۇ مۇناپىق. ھېلىتىن ئۆچ ئالغىلى تۇردى مانا...» دەپ ئويلىدى كېرىم، ئۇ دۇدۇقلىدى:

— خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان ئوخشىمامدىمەن ئەمەت شۇجى؟

— ياق، خىزمەتتە ياراتقان نەتىجەڭ ئۈچۈن شۇنداق دەۋاتىمەن. سېنى يەنە بىر دەرىجە ئۆستۈرۈش ۋاقتى كېلىپ قالدى. مەن پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا سېنى مۇئاۋىن بۇجاڭلىقتىن بۇجاڭلىققا كۆتۈرۈش، ئۆزەم قوشۇمچە ئۆتەۋاتقان بۇجاڭلىقتىن ئىستېپا بېرىش توغرۇلۇق تەكلىپ بەرمەكچىمەن. سەن ئەمدى شۇنىڭغا ئىدىيە جەھەتتىن تەييارلىق قىلىپ قويغىن. بۇ يىل نەچچىگە كىردىڭ؟

— يىگىرمە بەشكە.

— پاھ، بالا بۇجاڭ، تەلىيىڭ بار جۇمۇ سېنىڭ، مانا مەن ئاران ئوتتۇز بەش يېشىمدا تەشۋىقات بۆلۈمىگە بۇجاڭ، ئوتتۇز سەككىز يېشىمدا ناھىيىگە مۇئاۋىن شۇجى بولغان، سەن مېنىڭ شۇ يېشىمغىچە ناھىيىگە نېمە بولۇپ كېتەرسەن؟ ئىزىمدىنلا تاپ بېسىپ ئۆرلەيدىغان بولدۇڭدە، ئويلىنەمسەن؟

— ھى... ھى.. ئويلىنىدىغانغا ماڭا قىز نەدە تۇرۇپتۇ دەيلا.

ئەمەت شۇجى ئېغىر ئالقىنىنى كېرىمنىڭ يەلكىسىگە قويدى.

— ئەخمەق. ئالدىڭدىكى پۇتلىشىپ يۈرگەن قىزنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ماشىنىست قىز ئەختەرنى. شەھەر قىزلىرىنىڭ قىزىل گۈلى ئۇ!

كېرىمنىڭ ۋۇجۇدى ئىزغىرىن شامال سوققان ياپراقتەك تىترەپ كەتتى. ئۇ ئۈندىمىدى.

— نېمە تىترەيسەن؟ قورقۇۋاتامسەن؟ ھا... ھا... ھا... يىگىرمە بەشكە كىرگەن تۇرۇپ.

— ئۆيلەنگۈم يوق.

— نېمىشقا؟ — ئەمەت شۇجىنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالدى، — يىگىت تۇرۇپ شۇنداق گەپنى قىلامسەن؟ ھۇ مادا!

كېرىم بېشىنى يەرگە ساڭگىلىتىپ يەر سىجاپ تۇرۇۋەردى.

— ئېيت! پۇلدىن قىينىلىدىغان يېرىڭ بارمۇ يا؟

— شۇنداق... شۇنداق... — ئالدىراپ بېشىنى كۆتۈردى ئۇ، — ئاتا- ئانام قېرى، قولى قىسقا.

— ھا... ھا... ھا... ئۇنداق بولسا، چارىسى ئاسانكەنغۇ ئۇنىڭ، — ئەمەت شۇجى ئەمدى بۇيرۇق ئاھاڭىدا مۇنداق دېدى، — ئىككىڭلار بېرىپ ئەتىلا خەت ئېلىڭلار، راسخوتقا پارتكوم ئىگە، تويغا ئۆزەم باش بولىمەن.

شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ تۆت كۈندىن كېيىن تويى بولدى. بىر ئايدىن كېيىن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ كېرىمنى تەشۋىقات بۆلۈمىگە بۇجاڭ قىلىپ ئۆستۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى قارارى چىقىرىلدى.

... ئەنە ئۇنىڭ يېنىدا ئىچ كېيىمى بىلەن نازلىنىپ ياتقان ئەختەر، ئۇنىڭ بېلىقتەك تولغان، مەرمەردەك ئاپئاق بويى، تولغان كۆكسى، كۆز ئالمىسىدەك رەڭ ئالغان جىلۋىدار ھۆسنى... ئۇ ھېلىھەم گۈزەل، لاتاپەتلىك. كېرىم ئەشۇلار ئۈچۈن قانچىلىك پىغان چەككەن؟ قانچە كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەن - ھە؟ ئەمدى ئۇنىڭ ئۇ گۈزەللىكلەرگە رايى يوق. قول يەتمەس چاغدا پەرىشتىدەك يارقىن نۇر سىماسىدا كۆرۈنگەن ئەختەر، ئەمدى قول يەتكەندە نىجاسەت دۆۋىسىدەك يىرگىنىشلىك ۋە نەپرەتلىك. ئۇنىڭ نازلىق كۈلۈشلىرى ھىجايغان جەسەتتەك قورقۇنچلۇق. ئىپەكتەك يۇمشاق قوللىرى پاقا قاسىرىقىدەك

قوپال ۋە سوغۇق.

قېنى ئەمدى يۈرەكنىڭ بۇرۇنقى مۇھەببىتى؟ ياكى ئۇ، يات قول تەرىپىدىن چەيلەنگەن قىزنىڭ ئىپپەت-نازاكىتى بىلەن مەڭگۈ يېنىپ كەلمەس بولۇپ، خورلۇق ئالىمىگە دەپنە قىلىنىپ كەتتىمۇ؟

بىر كۈنى كېرىم بۇجاڭ يوقىلاڭ بىر ئىشقا باھانىلاپ، ئەختەرنى ئىككى تەستەك سالدى.

لېكىن ئۇ ئەتىسىلا ئەمەت شۇجىنىڭ ئىشخانىسىغا چاقىرتىلدى. ئەمەت شۇجىنىڭ قاپىقى ساڭگىلىغان، چىرايى قەھرلىك ئىدى.

— ئەختەرنى نېمىشقا ئۇردۇڭ؟ پۇل خەجلىمىگىنىڭگە، چىقىمدار بولمىغىنىڭغا شۇنداق قىلامسەن؟ ياكى بىر دەرىجە ئۆسۈپ قالغىنىڭ ئۈچۈنمۇ؟ — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ. كېرىم بۇجاڭ تەشۋىشلىك كۆزلىرىنى يەرگە تىكتى.

— ئاجرىشىپ كېتەي دەيمەن ئەمەت شۇجى، كۆڭلۈم چۈشمىدى.

— ھۇ سېنىڭ شۇنداق كۆڭلۈڭنى! — ئەمەت شۇجى قەھرى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كەلدى، — ئەمدى خوتۇن بېدىكى بولاي دەمسەن؟ بۇجاڭلىقتا كۆڭلۈم چۈشمىدى دېمىدىڭ ياخشى، شۇنداق دېگۈڭ كەلسە، ئىلتىماس ياز، بولمىسا كۆتۈڭنى غىت قىسىپ ئۆيۈڭنى تۇت!

كېرىم بۇجاڭ ئەمەت شۇجىنىڭ ئىشخانىسىدىن ئاپتاپ چېقىپ كەتكەن كاۋا پېلەكتەك سولاشقان-سالپايغان ھالدا يېنىپ چىقتى. لېكىن ئۇ مۇھىم بىر سىرنىڭ تۈگۈنىنى يەشكەندەك بولدى. ئەختەر ئۇنىڭغا ئاددىيلا خوتۇن ئەمەس، ئەسلىدە ئۇنى يۇقىرىغىمۇ چىقىرالايدىغان، تۆۋەنگىمۇ چۈشۈرەلەيدىغان شوتا ئىكەن-دە! قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ ئەمەت شۇجىنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ماڭا مۇنداق ھالرامدىن كەلگەن ئەمەل كېرەك ئەمەس، دېيەلەمدۇ؟ ياق، ئۇ ئەسلا ئۇنداق دېيەلمەيدۇ. ئۇ ھوقۇق-ئەمەل ئۈچۈن ھېلىغۇ بىر خوتۇنكەن، ئاتا-ئانىسىنىمۇ سېتىۋېتىشكە تەييار. ئەگەر ئەختەر راستىنلا ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر شوتا بولىدىغان بولسا، ئۇ مەڭگۈ ئەشۇ شوتىلىقىدا تۇرۇۋەرسۇن، ئۇ ھازىر ئەشۇ شوتىنىڭ بالدىقىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، يۇقىرىغا قاراپ ئۆرلەيدۇ. ئۇ ھازىرغىچە شوتىنىڭ ئوتتۇرا بالدىقىدا تۇرسىمۇ، ھامان بىر كۈنى يۇقىرى ئۆرلەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى شېرىن تاما بىلەن كۆڭلىنى خوش ئېتىپ كەلدى. ئەمما يۈرىكىدە ئەشۇ بۇرۇنقى خورلىنىش ۋە ھەسرەتنىڭ دەردلىك يارىسى ساقايمىدى. بۈگۈنكى كۈندە «ۋالىي»لىق تاجىسىنى كىيگەن ئەمەت شۇجى ناۋادا بۇ ناھىيىگە خىزمەت تەكشۈرۈش ئۈچۈن كېلىپ قالىدىغان بولسا، كېرىم بۇجاڭ ئۇنى ئەڭ ئالدىدا ئۆيىگە چاقىرىپ مېھمان قىلاتتى. ئالدىدا پىلىدەك يېشىلىپ پايپېتەك بولۇپ كېتەتتى، ئەمما ئىچىدە ئەڭ نەپرەتلىك سۆز بىلەن قاغاپ تىللايتتى. ئۇنىڭغا ئۆلۈم تىلەيتتى.

مانا بۈگۈن ئەختەر يەنە شۇ قاۋان تۇڭگۇزنىڭ قېشىغا بارماقچى. بارسا نېمە ئىش بولىدۇ؟ بۇ كېرىم بۇجاڭغا ناھايىتى ئېنىق، مەلئۇن قاۋان ئۆزىنىڭ قېرىلىقىغا قارىماي ئەختەرنى...

كېرىم بۇجاڭ يېتىپ خېلىغىچە ئەشۇ ئىشلاردىن خىيالىنى يىغالمىدى. كامال شۇجىنىڭ بۈگۈنكى زەھەردىن بەتتەر، قاباھەتلىك سۆزلىرىنى ئەسلىگەنسېرى گويا ئۇنىڭغا قاپقارا ئەجەل غارى ئاغزىنى ئېچىپ كېلىۋاتقاندەك، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئەسەبىي تىترەك باستى. گويا ئۆلۈم تەھدىتى ئالدىدا جاللاتنىڭ ئاياغلىرىنى سۆيگەن جىنايەتچىدەك، يېنىدا ماي تارتىپ ياتقان ئەختەرگە يېپىشىپ، قوللىرىغا ئېسىلدى.

— ئوھوش... نېرى ياتسىلا ئادەمگە ئىشەنمىگەندەك، — دېدى ئەختەرخان ئۇنىڭ قوللىرىنى قوپال سىلكىپ.

— نېمە دەيسەن، كىمگە ئىشەنمەپتىمەن؟ — سورىدى كېرىم بۇجاڭ.

— ماڭىچۇ؟

— ھى... ھى... ھى... نەدىكى گەپنى قىلىدىغانسەن، — كېرىم بۇجاڭ ئەختەرخانغا مەھكەم چاپلىشىۋالدى، — خەق دېگەن دەۋىرىدۇ، سەن ماڭا ئانامنىڭ سۈتىدەك ھالال ۋە ئاپپاقسەن.

ئالدىمدا. قۇياش نۇرىدەك پاكىزسەن. ئەمەت ۋالىيمۇ شۇنداق. ئاقدىل، سەمىمىي، يۈكسەك پەزىلەتلىك پېشقەدەم كوممۇنىست، بىزنىڭ شەپقەتلىك رەھبىرىمىز، مېنىڭ يوقلاپ كېلىدىغانىمۇ يولۇم باردى، ئەمدى سەن بىرلساڭمۇ مېنىڭ ئورنۇمدا بېرىپ كەلگىن.

— تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ بولكىۋاي ماشىنىسى ئەتە ۋىلايەتكە بارىدىكەن. شۇنىڭدىلا بارايمۇ ئەمىسە؟ — دېدى ئەختەرخان بىردىنلا مۇلايىملىشىپ.

— مەيلى.

ئەختەرخان كېرىم بۇجاڭنىڭ يىرگىنىشلىك تەلەتىگە قاراپ مەسخىرە ۋە ئۆچلۈك بىلەن كۈلدى. كېرىم بۇجاڭ قاراڭغۇدا بۇنى كۆرمىدى.

ئاياللار ئەخمەق، خام كاللا ئەرلەرنى يامان كۆرىدۇ، ئەختەرخاننىڭ كېرىم بۇجاڭغا بولغان ھېسسىياتىمۇ شۇنداق. ئۇنىڭ نەزەرىدىكى كېرىم بۇجاڭ دۇنيادا ئەڭ ۋىجدانسىز، كۆڭلى پەس، ئەرلىك غورۇرى، مۇھەببىتى ئۆلگەن، يۈرىكى مۇزدەك سوغۇق ئادەم. ئۇ ئەختەرخاننىڭ ياشلىقىغا خاس سۆيۈش بىلەن تىلىگەن ۋۇجۇدىنى يۈرىكىنىڭ ئەرلىككە خاس ھارارىتى بىلەن بىرەر قېتىممۇ ئىسسىتىپ باققىنى يوق. ئۇنداق بولسا، ئۇ نېمىشقا مۇشۇنداق ھېسسىياتسىز لاي ھەيكەلگە باغلىنىپ كەلدى؟ ھەئە، ئۇ شۇنداق باغلىنىپ، ئۇنىڭ پېشىنى چىڭ تۇتۇپ ياشاشقا مەجبۇر. چۈنكى بۇ ئەمەت ۋالىينىڭ ھەققىي ئەرلىك بۇيرۇقى! ئۇ ئىككىسىنىڭ تاكى ئەمەت شۇجى ۋىلايەتكە يۆتكىلىپ كەتكىچە خۇپىيانە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مۇناسىۋىتىنىڭ دەخلى-تەرۇزسىزلىكى ئۈچۈن دۇنيادا كېرىم بۇجاڭدەك مۇناسىپ ئەر يوق! ئەمەت شۇجى كېرىم بۇجاڭنى ئەمەل-مەنسەپ زەنجىرى بىلەن تۇتقىلاپ، ئۇنىڭ بىر ئۇچىنى ئۆزى، بىر ئۇچىنى ئەختەرخانغا تۇتقۇزغان. كېرىم بۇجاڭ مۇشۇ نۇقتىدا ئىچىدە ئۇلار ئۈچۈن گاھ سەكرەپ، گاھ ئۆمىلەپ بېرىدىغان ئويۇنچى مايمۇن. نىھايەت، كېرىم بۇجاڭ ئەشۇلار بىلەن چەكسىز بەختلىك.

ئەختەرخان ئەتىسى سەھەر قوپۇپ گويا تويغا راسلانغاندەك، يۇيۇنۇپ-تاراندى. تىكلىمە تاش ئەينەك ئالدىدا ئۆزىگە خېلىغىچە پەرداز قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىيىملىرىنى كىيىپ ۋىلايەتكە يۈرۈپ كەتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ كېرىم بۇجاڭنىڭ ئۇيقۇسى قاچتى. ئىشتىھاسى بوغۇلدى، قولى ئىشقا بارمىدى. گويا ئەختەرنىڭ ھېلىقى ياتىقىدا «لاپ» قىلىپ چىراغ ئۆچۈرۈلگەن چاغدا ئۇ گۈللۈك ئارىسىدا قانداق تولغىنىپ، نەم يەرنى قاسىغاندەك ئازاب مەسخۇشلۇقىدا تىپىرلاپ يۈردى. ئۇ سۆرەلمە قۇرتتەك ئاستا ئۆتۈۋاتقان ئازابلىق كۈنلەرنىڭ بىر ھەپتىسىنى ئەشۇنداق ھەسرەت، پىغان ئىچىدە ئۆتكۈزدى. سەككىزىنچى كۈنى كەچتە ئەختەرخان ئۆيگە خۇشال، بۇرۇنقىدەك چاقچاقلاپ سۆزلىگەن ھالدا كىرىپ كەلدى.

— قانداق بولدى خوتۇن؟

— قانداق بولاتتى، ئالدى بىلەن سۆيۈنچىلىرىنى تەييارلىسىلا غوجام!

— سۆيۈنچە سەندىن ئايلانسۇن، ھېلىقى ئىككى يۈز ئەللىك كوينىڭ چېكىنى ئالغىن ئەمىسە، قولىقىڭغا ئالتۇن ھالقا سوقتۇرۇۋال، — دېدى كېرىم بۇجاڭ ھەجىيىپ.

ئەختەرخان دۇمسايدى.

— نېمە، شۇنچىلىكمۇ تېخى؟ ئۇنچىلىك نېمىلەرگە مۆشۈك ئاپتاپقا چىقمايدۇ.

— مەيلى بوپتۇ، — كېرىم بۇجاڭ شىمىنىڭ يانچۇقىدىن بىر تۇتام ئاچقۇچنى ئېلىپ ئەختەرخانغا ئۇزاتتى، — خالىغىنىڭنى قىل. خۇش؟

— ئەمدى كامال شۇجى دېگەنلىرىنىڭ كۆزىدىن قان ئېقىپ كېتىدىغان بولدى-دە.

— يائاللا . . . شۇنداقمۇ؟ ئۇچۇق دېگىنە خوتۇن!

— بەخت قۇشى ئەگىپ ئۈستىلىرىگە كېلىپ قالدى.

— ھە؟! — كېرىم بۇجاڭ خۇشاللىقتىن ئەختەرخاننى مەھكەم قۇچاقلىدى، — مېنىڭ پەرىشتەم! ئەقىللىق خوتۇنۇم! يۇلتۇزۇم . . . !

www.uyghurkitap.com

## 10

كەچكۈز ...

سۈزۈك ئاسمان تۇمانلىشىپ، ئېتىز - باغلار يالىڭاچلانغان، بۈگۈن ئەتىگەن دەرەخ شاخلىرىدىكى، گۈل غازاڭلىرىدىكى ئاپئاق قىرو تېخى ئېرىپ ئۈلگۈرمەي، ئاسماندىن ئۇششاق قار توزۇشقا باشلىدى.

ئەمەت ۋالىي مېھمانخانىدىن پارتكوم ئاشخانىسىغا چىقىپ، جوزىدا ئېگەك قېقىپ خېلىغىچە ئولتۇردى، ئۇنىڭ كەيپى ئۇچقان، قاپاقلىرى ساڭگىلىغان، چىرايى بۈگۈنكى بۇلۇتلۇق ئاسماندەك سۇرلۇك ۋە كۆرۈمسىز ئىدى. كۈتكۈچى قىز بايا ئۇنىڭ ئالدىغا بىر پىيالە چاي قويۇپ كەتكەندىن باشقا يەنە كېلىپمۇ قويمىدى. ئاشخانىغا ۋالىيدىن كېيىن كىرگەنلەرمۇ تاماقنى يەپ، قاچىلىرىنى يۇيۇپ چىقىپ كېتىشتى.

— ھەي ماسىفۇ!① ماجىڭگۈي! — ئەمەت ۋالىي قازان بېشىدا ۋاژىلدىتىپ سەي قورۇۋاتقان سېمىز، دۇغىلاق خۇيزۇ ئاشپەزگە غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى، — قۇرۇق جوزاڭدا قاچانغىچە ئېگەك قېقىپ ئولتۇرىمەن؟ بېرىدىغىنىڭنى بەرمەمسەن!

— ھى ... ھى ... ھى ... نېمە يەيدىغانلىقلىرىنى ئۇقماي ...

— بۇرۇن ئەتىگەنلىكمۇ نېمە يەيدىغانلىقىمنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ شۇنى تارت!

جوزىغا يەنە تاماق كەلمىدى.

— ھەي، قانداق يۈزسىز نېمىسەن؟ — ئەمەت ۋالىي سەپراسى ئۆرلەپ قازان بېشىغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى، — زادى تاماق بېرەمسەن - يوق؟

— بەرمەمدىغان ئەمەت ۋالىي مانا ھەممىنى تەييار قىلىپ قويغىنىمغا نەۋاخ؟ بېلەتلىرىنى ساقلاپ ...

— ئالدى بىلەن بېلەت ئال دېمەكچىمۇ سەن؟

— شۇنداق، بۇ بىر تۈزۈم ئەمەت ۋالىي.

ئەمەت ۋالىي تېخىمۇ قايناشقا باشلىدى:

— تۈزۈم؟ كىم بېكىتكەن تۈزۈم؟ مېنى ئەمدى بۇ ناھىيىدىن يۆتكىلىپ كەتكەن دەپ شۇنداق قىلىۋاتامسەن؟ ھۇ يۈزسىز تۆڭگانى! بىر قاچا يۇنداڭنى ئىچىپ قېچىپ كېتەمدىمەن؟ — ئەمەت ۋالىي قولىنى سىلكىدى، — بولدى، يېمەيمەن، ماڭا بېرىدىغىنىڭنى ئىتقا تۆكۈپ بەر! — ئۇ ۋايساپ، قايناغىنىچە ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى، ئۇ ئىشىك ئالدىدا ۋېلىسىپىتلىك كېتىۋاتقان ياش يىگىتنى كۆرۈپ چاقىردى:

— ھوي شياۋلىيۇ، توختىغىنا.

شياۋلىيۇ ئىشىك ئالدىدا ئۆزىنىڭ پېشقەدەم رەھبىرىنى كۆرۈپ ۋېلىسىپىتتىن ئالدىراپ چۈشتى.

— ياخشىمۇ سىز ئەمەت شۇجى؟ — دېدى ئۇ خۇشال بولۇپ.

— سەن ھازىرلا كامال شۇجىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنى ياتىقىمغا چاقىرىپ قوي، — دېدى ئەمەت ۋالىي.

— ئەستا، خىزمەتكە كېچىكىپ قالارمەنمىكىن ئەمەت شۇجى.

— كېچىكسەڭ نېمە بوپتۇ؟ ماڭ بار. بىر كىم كېچىكتىڭ دېسە مېنى ئىشقا بۇيرىغان دە.

— بولمايدۇ، بۇ — خىزمەت تۈزۈمىگە خىلاپ. بولمىسا ئۆزلىرى كامال شۇجىغا تېلېفون بەرسىلىمۇ بولىدىغۇ، — شياۋلىيۇ مېڭىشقا ئالدىرىدى.

— تېلېفون بېرىشنى بىلمەمدىمەمەن؟ — ئەمەت ۋالىي تۆمۈردەك قارىداپ، قوللىرىنى شىلتىدى، — يوقال كۆزۈمدىن! ھۇ قارا نوپۇس كەلگۈندى! سېنى ئۆزەم تەستىقلاپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرمىغان بولسام، نەدە شېغىل تاشقاپ يۈرەتتىڭ. ئىسىت، شۇنىڭ مۇكاپاتى - دە بۇ!

ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر دەپ قايناپ، كىملەرنىدۇر قاغاپ - تىللاپ پارتكومغا — كامال شۇجىنىڭ ئىشخانىسىغا كەلدى. ئىشخانا تاقاقلىق ئىدى. ئۇ سائىتىگە قارىدى. ئىشقا چۈشۈشكە يەنە سەككىز مىنۇت بار ئىدى. «يەنە بىر سائەتسىز كېلەلمەيدۇ ئۇ تاقىرباش» دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە ھاسىراپ-ھۆمىدەپ كامال شۇجىنىڭ ئۆيىگە يۈرۈپ كەتتى. مانا تونۇش ئۆي! ئۇ بۇ ئۆينى ئۆز ۋاقتى يىلى ئۆزىگە ئاتاپلا سالدۇرغان. ئاستى-ئۈستى تاختايلىق ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي. مۇنچە-

① سىفۇ — ئۇستا

سى بىلەن ئاشخانىسى، ئىسكىلاتى تېخى بۇنىڭ سىرتىدا. تاملىرىغا يېپىشتۇرۇلغان ئويما نەقىشلىك سۇلياۋ قەغەزنى شاڭخەيدىن، ئاسما چىراغلىرىنى گۇاڭجۇدىن ئەكەلدۈرگەن. ئەپسۇس بۇ ئۆي ئۇنىڭغا ئۇزۇن نېسىپ بولمىدى، ۋىلايەتكە كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ھازىر ئولتۇرۇۋاتقىنى بەش ئېغىزلىق ئازادە ئۆي، ئەمما ئۇنىڭ ھەشەمىتى يەنىلا بۇ ئۆيگە يەتمەيدۇ. ئىسىت، ئۇ بۇ ئۆينى مۇشۇ تاقىرباشقىلا سالدۇرغانىكەن. ئۇ تاشقارقى ئىشىكنى تاراقشىتىپ ئېچىپ ھويلىغا كىردى.

تاراقشىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ ئۆيدىن قۇربان ئەلى چىقىپ كەلدى.

— كامال شۇجى بارمۇ ئۆيدە؟

— مەن بار.

— ئۇ نەگە كەتتى؟

— بۈگۈن سەھەردە زەيلىك ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا بارىدىغانلىقىنى ئېيتقان. كەتكەندۇ بۇچاغقا.

— دېمەك ئاخشام ئۇ بۇ ئۆيدە ياتماپتۇ-دە. سىز قاچان كەلگەن بۇ ئۆيگە؟

— ئىككى ئاي بولدى.

— نېمە، كۆچۈپلىما؟

— ھەئە. مانا ئاچقۇچ.

ئەمەت ۋالىي بىر چاغلاردا ئۆزى يانچۇقىغا سېلىپ يۈرگەن سېرىق تۈچ ئاچقۇچنىڭ ئەمدى قۇربان ئەلىنىڭ قولىدا پارقىراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، يۈرىكىدىكى غەزەپ بېشىغا ئېتىلىپ چىقتى.

— سىزنىڭ نېمە سالاھىيىتىڭىز بار بۇ ئۆيدە ئولتۇرىدىغان، ناھىيىگە بىرىنچى شۇجىمۇ سىز؟

— يازغۇچىمەن، قەددى كۆتۈرۈلگەن يازغۇچى.

— ھىم! ... پىتنىچى دېگىن، پىتنىچى! يازغۇچى، شائىر دېگەننىڭ ھەممىسى پىتنىچى-يالغانچى!

— شۇنداق دېگەنلىرىگە ئىنتايىن خۇشالمەن ئەمەت ۋالىي!

— قېلىن ئادەم ئىكەنسىز.

— راست دەيمەن، مېنىڭ پىتنىلىرىم، يالغانچىلىقلىرىم سىلىنى مۇنچىۋالا بىئارام قىلىۋەتكەن بولسا، دېمەك ئۇ سىلىدىكى ئەمەلىيەتنىڭ ئەينەن كۆرۈنۈشى ئىكەن.

— كاپىشماڭ! — ئەمەت ۋالىي قەھرى بىلەن ۋارقىرىدى، — پارتىيە رەھبەرلىكىگە قارشى تۇرۇشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئاخىر كۆرسىتىپ قويىمەن. ئالدىرىماڭ سىز! — ئۇ غەزەپ بىلەن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، سىرتقا ماڭدى. ئارقىسىدىن قۇربان ئەلى توۋلىدى:

— توختىسىلا ئەمەت ۋالىي، چىقساق بىللە چىقايلى.

ئەمەت ۋالىي كەينىگە بۇرۇلۇپ سورىدى:

— نەگە؟

— كامال شۇجى تۈنۈگۈن ماڭا، سىلىگە ھەمراھ بولۇپ، خىزمەتلىرىگە ياردەملىشىشنى تاپىلىغان.

— ماڭا؟ ھىم! ھەمراھ بولمىش تېخى! ھۇ پىتنىچى سېسىق كىرپە! — ئۇ غەزەپتىن لاغىلداپ تىترەپ، ئىشىكنى جالاقشىتىپ يېپىپ چىقىپ كەتتى.

«مۇشۇ تاقىرباشنىڭ ئالدىدا كىم بولۇپ قالدىم مەن؟ — ئەمەت ۋالىي ئەلەم بىلەن ئەشۇلارنى ئويلاپ كەلمەكتە، — ئۆزىچۇ، ئۆزى ماڭا نېمىشقا ھەمراھ بولۇپ يۈرمەيدۇ؟ ياخشى! مۇشۇ ھاكاۋۇرلۇقى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىدۇ تېخى!»

ئۇ مېھمانخانىغا كېلىپ، پايپىقىنى داسقا چىلاپ ئولتۇرغان شوپۇرغا:

— ئاخشام نېمە ئىش قىلغان؟ قوپ، ماشىنىنى ئوت ئالدۇر! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئەمەت ۋالىي پېشىن بىلەن تەكزەيلىك ئۆستەڭ چېپىلىۋاتقان ئىش ئورنىغا يېتىپ كەلدى. ئۆستەڭنى بىر قەۋەت ئاق شور قاپلىغان، كەچكۈزنىڭ ئىزغىرىن شامىلى ئۇشقىتىپ تۇرغان ئوچۇق دالىدا ئىش قىزىغان. تانىدەك تۈز تارتىلغان زەيلىك ئۆستەڭ ئىچىدە ئادەملەر مىغىلدايتتى، مىڭلىغان كەتمەن قۇياش نۇرىدا ئەينەكتەك ۋال-ۋۇل قىلىپ چاقنايتتى، ئېكسكىۋاتورلار بويۇنلىرىنى غازدەك سوزۇشۇپ ئېگىز-تۆۋەن ھەرىكەتلىنەتتى. تراكتورلار، توپا ئىتتىرىش

ماشىنىلىرى ھەيۋەت بىلەن گۈرۈلدەيتتى. چېدىرساتىمىلاردىن پولو بىلەن پېتىر مانتىنىڭ مېزىلىك پۇرىقى كېلەتتى. كاۋاپدانلاردا كاۋاپلار پىژىلدايتتى. پىرىدكازچىكلارنىڭ تانا - سىملارغا ئېسىۋەتكەن رەڭدار ماللىرى، يەششىكلەردە دۆۋىلىنىپ تۇرغان قەنت - ناۋات، چاي - پېچىنىلەر . . . بۇ يەرگە بازارنىڭ قىزىغان ئاۋات مەنزىرىسىنى بېغىشلىغانىدى.

ئېگىز بوي، خالتا ئېڭەك، سۇپۇرگە قاش، قارىچۇغا كۆز، توقماق بۇرۇن، چاچلىرى ئاق، يېشى ئاتمىشلارغا تاقاشقان بەستىلىك بىر ئادەم ھاسىغا تايانغان ھالدا ئۆستەڭنىڭ نەم توپىلىق قېشىدا پەيدا بولدى. دېھقانلار پەستە ئۆزىنىڭ بۇ پېشقەدەم شۇجىسىغا چۆچۈپ، يەر تېگىدىن قاراشتى. كىملەردۇر ئۇنىڭغا ئېگىلىپ، قول باغلاپ سالام قىلدى. كىملەردۇر غەزەپتە چىشىنى غۇچۇرلىتىپ، ئىچىدە قاغاپ - تىللاشتى. ئۇنىڭ يولۋاستەك بۇ سۇرلۇك تەلەتى ھەممەيلەنگە تونۇش. ئۇ بىر چاغلاردا ئاقتاش سۇ ئامبىرىنىڭ ئېگىز دامبىسى ئۈستىدە، ئۆي-ئۆيلەردىن كۆچۈنۈپ، لاي-توپىغا مىلىنىپ ئىشلەۋاتقان مىڭلىغان دېھقانلارغا ئۆزىنىڭ بۈگۈنكىدەك ھەيۋەت - سەلتەنەتلىك قىياپىتى بىلەن كۆرۈنگەن. تاڭ سەھەردە قوپۇپ بىر قاچا سۇيۇق ئوماچنى كۆتۈرۈپ ئىچىۋالغانچە تاكى كۈن پاتقىچە قارا پاتقاق ئىچىدە ئىشلەپ، سۇسىز كۆلچەكتىكى نىمجان بېلىقتەك ماكىشىپ قالغان دېھقان ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىككى كەلىمە ئەرز - داد ئېيتىشقا چارىسىز ئىدى. ئەمەت شۇجى شۇچاغلىرىدىكىدىن كۆپ قېرىغان، مەغرۇر گىدىيىشلىرىدىن قالغان بولسىمۇ، ئەمما كاج - تەرسالىقى، قەھرىلىكى ئۆزگەرمىگەن ئوخشايدۇ. ئۇ بېشىدا قاش تارتىۋاتقان ئاق تۇماق، قارا چېپەرقۇت چاپانلىق قېرى دېھقانغا جۆنۈپ ۋارقىرىدى:

— ھەي . . . كەتمىنىڭنى تاشلاپ، كامال شۇجىنى چاقىرىپ كەل!

دېھقان ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئۈنسىز باش ئېگىپ، پەسكە پايپاسلاپ يۈگۈرۈپ كەتتى. بىر چاغدا ئۈستىبېشىغا قاپقارا لاي چاپرىغان كامال شۇجى رېزىنكە ئۆتۈكىنى شالاپشىتىپ تۆرەدىن يېتىپ كەلدى.

— قىلىدىغان ئىش تېپىلمىغاندەك، پاتقاققا چۈشۈۋالغىنىڭىز نېمىسى ئۇكام؟ — دېدى ئەمەت ۋالىي كامال شۇجىغا زەردە بىلەن كۈلۈمسىرەپ.

— ئۆزەمنى كەتمەندىمۇ بىر سىناپ باقماقىدىم، — كامال شۇجى ئۇلابىلا جاۋاب بەردى، — كەتمەن چېپىپ كۆرمىگىنىمگە خېلى يىللار بوپتۇ، قولۇممۇ يۇمشاپ قاپتۇ.

— سىز ماڭا ھەمراھ بولمىسىڭىز قانداق بولىدۇ؟

— مەن قۇربان ئەلىنى بەلگىلەپ قويغانىغۇ.

— نېمە؟ — ئەمەت ۋالىي كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — ئەشۇ توك قاپاق كىرپىنىما؟ ماڭا ھەمراھ بولغۇدەك كىمكەن ئۇ؟ تېخى ئۆزىڭىزگە تېگىشلىك ئۆيىنىمۇ ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈپ بېرىپسىز. ئۇنىڭ نېمىسى شۇنچە ياراپ كەتتى سىزگە. پىتنىچىلىقى، يالغانچىلىقىمۇ؟

— ياق، ئۇنىڭ راستچىللىقى، بىلىم قابىلىيىتى.

— بىلىم قابىلىيىتى دەڭ تېخى! — ئەمەت ۋالىي ئۇنىڭغا قەھرى بىلەن تىكىلدى، — بىر ناھىيىنىڭ ئىشىنى شۇنچە ئاسان چاغلايدىكەنسىزدە، بىر مۇنچە كادىرلارنى رەھبەرلىك ئورنىدىن ئالماشتۇرۇپسىز. قاسىم جۇيجاڭنى مەدەنىيەت ئىدارىسىدىن يەنە مائارىپ ئىدارىسىگە يۆتكەپسىز.

— شۇنداق بولدى، — كامال شۇجى بىر خىل تەمكىنلىك بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ دېدى، — تەكشۈرۈپ كۆرۈشۈمچە ناھىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈشتە يەنىلا قاسىم جۇيجاڭ ئەڭ مۇناسىپتەك قىلىدۇ. ئۇ مائارىپنى تۇتقاندىن كېيىن مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىدىمۇ يۈكسىلىشلەر بولدى. بۇ يىل ناھىيەمىزدىن ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتكەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىمۇ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە. .

— توختاڭ، دەل مۇشۇ ئىشقا يۇقىرىنىڭ پىك-

ری بار، — دېدی ئەمەت ۋالىي ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — سىلەر ئىمتىھان مەيدانىغا بولغان نازارەتچىلىكتە يوچۇق قالدۇرغان، بەزىلەر ئەشۇ يوچۇقتىن پايدىلانغان.

— بۇ سۆزلىرىڭىزنىڭ پاكىتى باردۇ ئەمەت ۋالىي، — دېدى كامال شۇجى قىزىشىپ.

— بار، ئەلۋەتتە. ۋاقتى كەلگەندە بىر-بىرلەپ سۆزلىشىمىز.

كامال شۇجى ئەمەت ۋالىينى چېدىر ئىچىگە باشلاپ كىردى.

— ياخشى گەپكەن. لېكىن شۇ چاغدا بۇ ئىش توغرۇلۇق كىمنىڭ پىتنە تېرىغانلىقى ئاشكارىلانغاندا مەن سىلىنى ئوسال ھالغا چۈشۈپ قالمىغىدى دەپ ئەنسىرەيمەن. ناھىيىمىزدىن بۇ قېتىم ئالىي مەكتەپلەرگە تاللانغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىچكىرىگە، ھەتتا ئامېرىكا، ياپونىيە ۋە ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرىگە چىقىپ ئوقۇشقا تاللىنىپتۇ. بۇ بىزنىڭ پەخرىمىز. ناھىيىمىزنىڭ شان-شەرىپى. ئەجەبا بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىلىم-پەندە شان-شەرەپكە، ئىستىقباللىق ئېرىشكەنلىكى مەدھىيىلەشكە، ئىلھام بېرىشكە ئەمەس، تۆھمەت، ھاقارەتكە ئۇچرىشى كېرەكمۇ؟ مەن گېپى كەلگەندە سىلىگە شۇنى ئېيتاي، ناھىيىمىز خەلقى ساۋاتسىزلىق ۋە نادانلىقنىڭ دەردىنى ئاز تارتمىدى. بۈگۈن نېمە ئۈچۈن نەچچە مىڭ ئادەم مۇشۇ سوغۇقتا زەيلىك چېپىشقا مەجبۇر بولدۇق؟ ئىلىمگە سەل قارىغانلىقىمىز، تەبىئەتكە تەلۋىلەرچە چاقچاق قىلغانلىقىمىز، ناھىيىمىزنىڭ تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىپ كۆرمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن ئۇنىڭ جازاسىغا ئۇچرىدۇق. بىز ئەشۇ خاتالىقىمىزنىڭ كاساپىتىدىن ئەمدى خەلقنى مۇشۇنداق جاپا چېكىشكە مەجبۇر قىلدۇق.

— گېپىڭىزنى ئەگىتمەڭ، — دېدى ئارانلا تاقەت قىلىپ تۇرغان ئەمەت ۋالىي ئاچچىقتىن تىترەپ، — «ئاقتاش» سۇ ئامبىرىنىڭ ياسىلىشى خاتا بولغان دېمەكچىمۇ سىز؟

— سۇ ئامبىرىنىڭ ياسىلىشى خاتا بولمىغان، ئورنى خاتا تاللانغان.

— سىز بۇ توغرۇلۇق ۋىلايەتلىك پارتكومغا ئەرز يازغانىكەنسىز.

— شۇنداق چۈشەنسىلىمۇ بولىدۇ، — دېدى كامال شۇجى، — ئەمما مەن ئۇنى ئەرز سۈپىتىدە ئەمەس، تەكشۈرۈش دوكلاتى سۈپىتىدە يازدىم.

— ھىم! تەكشۈرۈش دوكلاتىمىش تېخى، — ئەمەت ۋالىي ئولتۇرغان كارىۋاتتىن قاڭقىپ تۇرۇپ كەتتى، — مەن سىزگە شۇنى ئېيتىپ قوياي، مېنىڭ بۇ ناھىيىگە نەچچە ئون يىل ئىشلەش جەريانىدا سىڭدۈرگەن ئەجرىمنى سىزنىڭ يوققا چىقىرىۋېتىدىغان ھەددىڭىز ئەمەس. ئېسىڭىزدە بولسۇن، سىز ناھىيىنىڭ شۇجىسى بولسىڭىز، مەن ۋىلايەتنىڭ ۋالىيسى، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھەيئىتى. مەن ئەشۇ ئورنۇمدىلا بولىدىكەنمەن، سىزنىڭ دوكلاتىڭىز مەڭگۈ تەستىقلانمايدۇ!

— رەھمەت ئەمەت ۋالىي.

— نېمىگە رەھمەت؟

— راست گەپ قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن - دە، — كامال شۇجى تەمكىن بىر سىمادا كۈلدى، — جۇڭگودىكى ئىش مانا مۇشۇنداق. ئىمتىياز ھەمىشە ھەقىقەتنىڭ ئورنىنى بېسىپ كەلدى. ئەمما مەن مۇنداق فېئوداللىق ئەنئەنىنىڭ جۇڭگودا مەڭگۈ داۋاملىشىپ كېتىۋېرىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن. تارىخىي قانۇنىيەتنىڭ گىگانت چاقى ھېچقاچان ئىمتىياز ئىگىلىرىنىڭ قوماندان تايىقى بويىچە چۆرگىلىمەيدۇ. قىلغان ئىشلىرىمىزنىڭ قايسىسى خاتا، قايسىسى توغرا، بۇنى ھازىر تالىشىپ نېمە قىلىمىز؟ كەلگۈسىدە ھامان بىر كۈنى تارىخنىڭ بۇ ھەقتىكى ھەققانىي، توغرا يەكۈنىنى ئاڭلاپ قالىمىز.

— سىزنىڭ بىلىم ئىقتىدارىڭىزغا قايىلمەن، — دېدى ئەمەت ۋالىي بىردىنلا پەسكارىغا چۈشۈپ، — شۇنداق بولسۇن. ئىشىمىزنىڭ قايسىسى توغرا، قايسىسى خاتا، بۇنىڭغا كەلگۈسى باھا بەرسۇن. ئۇنى قويۇپ ئالدىمىزدىكى ئىش توغرۇلۇق پاراڭلىشايلى. سايلام مەسىلىسىدە ناھىيىنىڭ تەي-

يارلىقى قانچىلىك؟

كامال شۇجى جاۋاب بېرىپ دېدى:

— بىز پارتكومدىكىلەر ئۆتكەن ئايدا ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت مۇدىرلىرى بىلەن سايلامنىڭ كونكرېت خىزمەتلىرى توغرۇلۇق پىكىرلەشكەن. بىز ئەمدى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ يوليورۇقىنىلا كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمىز.

— مانا مەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن كەلدىم، — ئەمەت ۋالىي يېپىنچا قىلىۋالغان قېلىن جۇۋىسىنى كارىۋاتقا تاشلىۋېتىپ داۋام قىلدى، — قېنى ئاڭلاپ باقاي، هاكىم نامزاتى قىلىپ كىمنى ئويلاشتىڭلار؟

— بىز تەكرار كېڭىشىش ۋە ئاممىنىڭ رايىنى سىناپ كۆرۈش ئارقىلىق قاسىم جۇيجاڭنى هاكىملىققا مۇناسىپ دەپ قارىدۇق، — دېدى كامال شۇجى.

ئەمەت ۋالىينىڭ قېلىن قاشلىرى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

— قانداقچە؟

— بىرىنچىدىن، ئۇ سىياسىي- ئىدىيىۋى جەھەتتىن خېلىلا پىشقان ۋە سىنالغان. پارتىيىۋىلىكى ۋە تەشكىلىي پرىنسىپچانلىقى كۈچلۈك. ئىككىنچىدىن ئۇ ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن، بىر قەدەر مول نەزەرىيىۋى ۋە كەسپىي بىلىم سەۋىيىسىگە ئىگە ياش زىيالىي. ئۈچىنچىدىن، ئۇ مول كەسپىي ئىقتىدار ۋە رەھبەرلىك سەنئىتىگە ئىگە. ئۇ مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ئىدارىسىگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەن مەزگىللەردە خىزمىتىدە ئالاھىدە تۆھپە يارىتىپ، ناھىيە خەلقىنىڭ هۆرمەت- ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈردى. مەن بۇ توغرۇلۇق ئۆتكەندە ۋىلايەتتە ليۇشۇجى بىلەنمۇ كېڭەشكەن.

ئەمەت ۋالىي كامال شۇجىنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىنى كۆزىنى يۇمۇپ، خىيال ئارىلاش بېرىلىپ ئىڭشىدى. ئۇ بىر ئازدىن كېيىن كۆزىنى ئېچىپ، كامال شۇجىغا تىكىلدى.

— ئۇنىڭ توغرۇلۇق بىلىدىغانلىرىڭىز پەقەتلا مۇشۇمۇ، — دېدى ئۇ مەسخىرە ئارىلاش، — سىز ئۇنى ھەرقانچە بىلسىڭىزمۇ، مېنىڭچىلىك چۈشەنمەيسىز. ليۇشۇجىنى تىلغا ئالدىڭىز، ئۇنىڭ تۆۋەننىڭ ئەھۋالىنى يەنىلا بىز مىللىي كادىرلاردەك چۈشىنىشى ناتايىن. مېنىڭچە، قاسىم جۇيجاڭنىڭ بايا سىز دېگەن تەلەپ-شەرتلەرگە يېتىشى ئۈچۈن خېلى ۋاقىت كېرەك. ئەمما بىزنىڭ هاكىم نامزاتى توغرىسىدىكى قارىشىمىز سىزنىڭكىدىن باشقىچىرەك.

— ئاڭلاپ باقاي.

— بىزنىڭچە كېرىم بۇجاڭ بۇنىڭغا ئەڭ مۇناسىپ. ئۇمۇ ئوخشاشلا ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە ياش كادىر. ئۇ تۆۋەندىن — ئامما ئارىسىدىن ئۆسۈپ چىققان، ئۇزۇن يىل سىنالغان.

— ئەمما بىز ئۇنى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۇجاڭلىقىدىن ئېلىپ تاشلاشنى ئويلىشىۋاتىمىز، — دېدى كامال شۇجى جىددىي تەلەپپۇزدا، — چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ هازىرقى رەھبەرلىك ئورنىدىكى سالاھىيىتىنىمۇ يوقاتقان. بۇ ھەقتە ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى يېتەرلىك ماتېرىيالغا ئىگە.

— سىز توغرۇلۇقچۇ؟ — ۋالىينىڭ كۆزچاناقلىرى كېرىلدى، — ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىگە، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا ئۈستىڭىزدىن يېزىلغان ئەرز-شىكايەتلەر ئازمۇ؟ ئۇلار پات ئارىدا بۇ ئىشلارنى تەكشۈرۈپ كۆرمەكچى. ئۇ چاغدىكى گەپ سىزنىڭ بۇ ناھىيىگە داۋاملىق شۇجى بولۇپ تۇرۇش-تۇرماسلىقىڭىزغا بېرىلىپ تاقىلىپ قالسىچۇ؟ بىز هازىرچە بۇ گەپنى قويۇپ تۇرۇپ، هاكىم نامزاتى مەسىلىسىدە بىر قارارغا كېلەيلى.

— قارار دەملا؟ — كامال شۇجى ئىستېهزا بىلەن كۈلدى، — خەلق بىزگە بۇ هوقۇقنى قاچان بەرگەن؟ ئەگەر هاكىم مۇشۇنداق بىر- ئىككى رەھبەرنىڭ قارارى بىلەن سايلىنىدۇ دېيىلسە، خەلقنىڭ ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن سايلاش، سايلىنىش هوقۇقى نەدە قالىدۇ؟ مېنىڭچە بۇنى بىزنىڭ قارار قىلىشىمىز ئەمەس، ھەتتا خەلققە تېگىشلىك هوقۇقىمىزمۇ يوق ئەمەت ۋالىي. چۈنكى ئۇ خەلقنىڭ كۆڭۈل رايى بىلەن

ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش. مانا بۇ خەلقىنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقى! ئەگەر كىمدەكىم خەلقنى نەگە باشلىسا، ئىتائەتچانلىق بىلەن ماڭىدىغان قوي، خالىغانچە دەسسەپ-چەيلەشكە بولىدىغان ھاك-تۇپا دەپ قارايدىغان بولسا، ئۇ ھامان بىركۈنى ئەڭ ئېغىر شەرمەندە ئاقىۋەتكە قالىدۇ.

— كاپىشمالىڭ!— ئەمەت ۋالىي تاقەت قىلالماي غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى،— قېنى كۆرەيمىز، كىمنىڭ دېگىنى ھېساب؟ كۆرۈپ قالىسىز تېخى!

... تۈن كېچە، بۇلۇتلۇق ئاسمان، قوتانلاشقان ئاي، ئاچچىق شىۋىرغان قار توزۇندىلىرىنى ئۇچۇرتماقتا. يىراقتىن تراكتور بىلەن ئېكسكاۋاتورنىڭ ھەيۋەتلىك گۈرۈلدىشى، چېدىردىن ئەمەت ۋالىينىڭ ئۈنلۈك خورەك ئاۋازى كېلىدۇ. كامال شۇجىنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ قاچقان، ئۇ خاپا ھەم خىيالچان. ئۇ، چەتتىكى تېخىچە چىرىغى ئۆچمىگەن چېدىرغا كىرىپ كەلدى.

— تېخىچە ئۇخلىمىدىڭىزمۇ؟

لامپۇچكا يورۇقىدا ئىزىغا خاتىرە دەپتىرىنى قويۇۋېلىپ تېز-تېز خەت يېزىۋاتقان قۇربان ئەلى بېشىنى كۆتۈرۈپ كۈلۈمسىرىدى.

— بايا ئىككىڭلارنىڭ ھەممە گېپىنى ئاڭلىدىم. شۇنى خاتىرىگە يېزىۋاتىمەن.

— ئۇنىڭ يېزىشقا ئەرزىگىدەك نېمىسى بار؟ دېدى كامال شۇجى قارشى چىقىپ.

— ياق...،— قۇربان ئەلىنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى،— ئەشۇنداق ئىشلار مېنى قەتئىي بوشاشماي يېزىشقا، كۈرەش قىلىشقا ئۈندەيدۇ. ئىلھامىمنى ئۇرغىتىدۇ. سىلە ھەقلىق كامال شۇجى!

كامال شۇجى ئۈنچىقمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئورۇن-كۆرپىسى ئۈستىگە ئولتۇرۇپ، بېشىدىن شەپكىسىنى ئالدى. بېشىنى سىلىدى. قۇربان ئەلى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

—بايا ئەمەت ۋالىينىڭ سۆزىدىن بىر ئىشنى بايقاپ قالدىم. ئۇ سىلىگە بىر كۆڭۈلسىزلىكتىن شەپە بېرىۋاتىدۇ.

— نېمە قورققۇلۇق؟— دېدى كامال شۇجى پەرۋاسىز ھالدا،— ئالسا مەندىن مۇشۇ شۇجىلىقنى ئالىدۇ. ئەمما قەلبىمنى خەلقنىڭ يۈرىكىدىن مەڭگۈ ئاجرىتىۋېتەلمەيدۇ. مەن ھەمىشە شۇنداق ئويلايمەن قۇربان. خەلقنىڭ ھەقىقىي رەھبىرى بولىمەن دېگەن ئادەم، ھەرگىز ئۆزىنىڭ شۇ ئەمەلدە تۇرۇش-تۇرماسلىقىدىن غەم قىلىپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئەگەر كىم شۇنداق ئويلىسا غەيرەت-شىجائىتى بوشاپ كېتىدۇ. يۇقىرىغا نىسبەتەن قۇل، تۆۋەنگە نىسبەتەن زومىگەر بولۇپ قالىدۇ. مەن يۈرىكىمدىكىنى ئېيتسام، كەلگۈسىدە شۇجىلىقتىن ئۆرۈلۈپ چۈشەممۇ ئارمىنىم يوق. چۈنكى بىز ئۆز ئەمەلىيىتىمىز ئارقىلىق كىشىلەرگە 80- يىللاردىكى ھەقىقىي كوممۇنىستلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تونۇتۇپ قويىدۇق،— ئۇ سۆزلەۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى،— يۈرۈڭا، سىرتنى بىر دەم ئايلىنىپ كېلەيلى. شۇنداق چىرايلىق كېچە...

ئىككىسى چېدىردىن چىقتى، قار كېچىدىكەن. زېمىننىڭ ئۈستىنى بويلاپ تارتىلغان ئېلېكتىر چىراقلىرى ئىش ئورنىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇراتتى. يىراقتىن ناخشا ئاۋازى، كەتمەننىڭ گۈپۈلدەشلىرى، كۈلكە-چاقچاقلار ئاڭلىناتتى.

— قاراڭ، نېمە دېگەن ئۇلۇغ خەلق؟— كامال شۇجى گويا شېئىر ئوقۇغاندەك ھاياجان بىلەن پىچىرلىدى،— ئۇلار ئۆز بەختىنى يارىتىش، ئۆز يۇرتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، مۇشۇنداق جاپا چېكىشتىن ئايانمايدۇ. مۇشۇنداق خەلق بىلەن بىر جان، بىر تەن بولۇپ ياشاش قانداق راھەت؟ مانا بۇلار ئىنسانىيەت ئالىمىگە ھاياتلىق بەخش ئەتكۈچى يۈرەك. مانا بۇلار دۇنيانى ياراتقۇچى خۇدا! قاراپ تۇرۇڭ، ئۇلار يېڭىدۇ. ئۇلار چوقۇم يېڭىدۇ!

ئىككى جۈپ كۆز ئەشۇ مەنزىرىلەرگە چەكسىز ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام نەزەرىدە تىكىلدى. چاناقلاردىن ئىسسىق ياش تاراملاپ تۆكۈلدى.

1986 - يىل سىنتەبىر. ئۈرۈمچى

مەسئۇل مۇھەررىرى: قۇربان مامۇت

# لىرىكىلار

ئىمىن ئەخمىدى

## خاتىرە

كۆرۈشتۇق، ئۇزۇن يىل كۆرۈشەلمىدۇق،
بۈگۈن ئۇھ تارتىشىپ ئۇچراشتۇق يەنە.
مۇڭداشتۇق ۋە لېكىن قېنىشالمىدۇق،
بەخت يار بولدى پەقەت بىر دەملىككىنە.
يىل ئۆتتى چاچتا ئاق، ساقالدا قىرو،
ئۇ بەلكى غۇبارسىز ياشلىققا مىسال.
ۋە ياكى ئەۋەتكەن يادىكار قىلىپ،
ئۇنى ئىككىمىزگە تەلەيسىز ۋىسال.
قەلبىڭ مېنىڭدىمۇ ياكى باشقىدا،
ئۇ ماڭا كۆپ زامان بولدى تېپىشماق.
ئەگەر مەندە بولسا ھاجەت ئىدىمۇ،
سۆيگۈنىڭ بويىنغا سىرتماق سېلىشماق.
ھە، ئەندى گاھ كۈلۈپ، گاھى قىزىرىپ،
ئۆتكەن دەقىقلەرنى ئېسىڭگە ئالدىڭ.
شۇ دەمدە يە مېنى تاشلىدىڭ ئوتقا،
يە ئۇنى ئۆزەڭنىڭ ئىچىگە سالدىڭ.
بىلمەن ئۆتكەن كۈن قايتا كەلمەيدۇ،
بى تەھقىق پۇشايمان ئۆرتەيدۇ جىسمىڭ.
بۇ ئايرىلىشنى سەن قىلمىغاچ ئارزۇ،
يۈرەك قاتلىمىدىن ئۆچمەيدۇ ئىسمىڭ.
ئەرزىيتتىم سۆيۈشكە، ھېلىمۇ مەندىن
تېپىلۇر شۇندىكى مۇھەببەت ئىزى.
كۆكسۈمگە بېشىڭنى قويۇپ تىڭشىدىڭ،
چايقىلىپ تۇرغاندا سۆيگۈ دېڭىزى ...
بۇ نۆۋەت كېتىشىم بەلكى مەڭگۈلۈك،
بىلمەيمەن قايسىمىز ئۆلۈمىز بالدۇر.
شۇ ۋەجەۋ كۆزۈڭدىن تامچىلايدۇ ياش،
ۋە دەيسەن: ئۇنتۇلماس خاتىرە قالدۇر.

× × ×

ئەجەبا، خاتىرە بولمىسا مەندىن،
ئويلىساڭ خاتىرە قىلغان يېرىم كۆپ.
يە ئۇنى يېگىلاش دىلىڭدىن كەچتى،
يە ئۇ خاتىرىلەر كەتكەن كۆمۈلۈپ.
مەن ساڭا خاتىرە قىلغان سۆيۈشنى،
لېۋىڭگە بولغانمەن تۇنجى مۇيەسسەر.
تال - تال كىرپىكىڭنى سانجىغان چاغدا،
ياشلىقتىن كەلگۈگە ئېچىلغان دەپتەر.
نەقەدەر شاد ئىدۇق بىر ھاياتنى دەپ،
مەن ساڭا، سەن ماڭا تۆككەن ئىدۇق تەر.
قان دېسەڭ قان بەرگەن، جېنىڭ ئۈچۈن جان،
ئۆلۈپ بەر دېسەڭمۇ ئۆلەتتىم ئەگەر.
شۇ ئىدى خاتىرە يۈرەكتىن ئۆچمەس،
ۋە لېكىن ئايرىلدۇق، باشقا لەۋلەردىن.
ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا بولمۇ دۇڭ رازى،
ھە دۇرۇس، مەن ئۈچۈن ئارمان ئۇ لەۋلەر،
ھەتتا قوڭغۇراقتەك كۈلكەڭ ئاۋازى،
بۇ دەم ھەم ئوت كەبى تەگدى شۇ لېۋىڭ،
ئۇ بولدى دىلىمغا خاتىرە - زىننەت.
ساڭچۇ قالدۇراي كۆڭلۈم تۆرىنى،
ئۇ تاپسۇن كۆكسۈڭدىن يوقالماس جەننەت.

× × ×

كۆڭلۈم تاغدىن ئۇلۇغ، چوققىلاردىن تىك،
ئۇنىڭغا ھېچكىممۇ چىقالماس ئوڭاي.
پەقەت ئايلىنىمدۇ ئۇنى زوق بىلەن،
سەندىن چىراي ئالغان پەرى سۇپەت ئاي.
كۆڭلۈم ئالتۇندىن ساپ، ئالتۇندىن قىممەت،
ئۇنى ھەر كىملەرلا ئالالماس سېتىپ،

ھالبۇكى ئۇگايلا بېرىمەن ساڭا
ۋىجدانىم، قەلبىمنى، جېنىمنى قېتىپ.
كۆڭلۈم كۆكتىن پاكىز، ئالەمدىن كەڭرى،
ئۇنىڭدا بىرلا سەن قىلىسەن پەرۋاز.

چاقماق، گۈلدۈرماما، چولپان ۋە زۆھرە
ئوتلۇق ئىشقىمىزدىن ئالىدۇ ئەنداز.
كۆڭلۈم دېڭىزدىن كەڭ، دېڭىزدىن چوڭقۇر،
ئۇنىڭدا بىر ساڭا كېمىلەر تەييار.

مەن كۆكسى - قارنىڭدا ئوينايمەن دېسەڭ،
ئۆزۈم ھەم تەسەددۇق دېگەيمەن ئەي يار.

× × ×

كۆڭلۈم ساڭا قالدى جىسمىمدىن يىراق،
كۆڭۈلسىز بۇ جىسىم ئۆزەمگە ئاپەت.
جىسىم تەنھالىقتا يەنچىلسە مەيلى،
كۆڭلۈمچۇ، سەن بىلەن تاپىدۇ راھەت.

راست، بىر كۈن ئۆلۈمىز، كىرىمىز گۆرگە،
بىراق بىر گۆر ئىچرە بولالمايمىز جەم.
كۆڭلىمىز، ئىشقىمىز ياتقاچقا بىرگە،
يالغۇز قالماقلىقتىن قىلمايمىز غەم.

خۇرسۇنما خاتىرە قالدۇرمىدىڭ دەپ،
خاتىرە بۇنىڭدىن بولمايدۇ ئارتۇق.
ھەممە بىر دەمدىلا چىقىدۇ ئەستىن،
ئەمما مەڭگۈلۈكتۇر ئۇشبۇ ئۇلۇغلۇق.

## بۆشۈك تويى..

(بىر قىز ئاغزىدىن)

سۆيمەيمەن دەپ شۇنچە قىلسامۇ،
قىستاپ تۇرۇپ ۋەدەمنى ئالدىڭ.
تەرسالىقىم تۇتقان چاغدىمۇ،
يالتايمىدىڭ، مىقتەك قادالدىڭ.

ئاڭلىۋىدىم مۇھەببەت ئەزەل،
ئىككى يۈرەك ئىختىيارى دەپ.
تاڭسا تاشنى تاياققا ئەگەر،
ھايات ئۈچۈن يىغا - زارى دەپ.

ھېچكىم تىلىغا ئالمىدى بۇنى،
يوققا چىقتى نىكاھتا ئەركىم.
سەن سۆيگەچكە ئارزۇلاپ مېنى،
مەنمۇ سۆيۈپ قالارمەن بەلكىم.

× × ×

ئەسلەپ باقسام كىچىك چاغدىلا،
سېنى كۆرمەي بولغانىدىم چوڭ.
كۆرمىگەنگە كۆيمەيمەن دېسەم—
ئاتام دېدى مېنى: بېشى چوڭ.
سۆزلىدىكى ئاشىق ئەھلىدە،
قولاق كۆزدىن كېلىدۇ بۇرۇن.
بۆشۈكتىلا ئاڭلاپ ئېتىڭنى،
قالدۇرۇپتۇ كۆڭلىمدە ئورۇن.
بىر چاغلاردا بوۋاملارغىمۇ،

بەرگەنىكەن ئۇلار قىزىنى.
ئەندى نۆۋەت بىزگە كەلگەندە،
يىردىمىزمۇ قىلغان سۆزىنى.
ئاڭلا ئوبدان بۇ ئىككى ئۆينىڭ
قۇدىلىقتا ۋەدىمىز مەھكەم.

ئېسىڭدە تۇت، كۆرمەيسەن خۇۋلۇق،
گەر باش ئېگىپ ئاڭا تەگمىسەڭ...

× × ×

سۈرۈشتۈرسەم بوۋاقلىقىمدا
قىلغانىكەن بۆشۈك تويۇمنى.
ماقۇل بولۇپ ئاتام ئاتاڭغا،
چۈشەپتىكەن پۇت ۋە قولۇمنى.

مانا بۈگۈن سېنىڭ ئاتاڭنىڭ
غەزىپىدىن قورقۇپتۇ ئاتام.
بالاغەتكە يەتكەن كۈنلەردە،
چۆچۈرىنى ساناپتىمەن خام.
بىلىپ قويغىن خېلى- خېلىلار،

ئادەم قويسا لىڭشىتمىغان باش.
ياۋاشلىشىپ ساڭا ئەگەشتىم،
كۆزلىرىدىن ئېقىتمىغىن ياش.
ئاتا - ئانام ئىرادىسىنى،
پايىمال قىلىش توختىدى تەسكە.
بۆشۈك تويى بىز بىلەن كەتسۇن،
قالدۇرمايلى ئۇنى پەرزەندكە.

## قەسەم

«ئوكيانىنىڭ سۇلىرى قۇرۇشى مۇمكىن،
تاغنىڭ مەزمۇت تېشى كېتەر ھەم چىرىپ.
شۇندىمۇ قەسەمدىن يانماسمەن ئەسلا»
دېگەنتىڭ بىر چاغ كۆكرىكىڭ كېرىپ.
لېكىن چىرايلىقىم، تارىخلار گۇۋاھ،

چىن مۇھەببەت ئۈچۈن قەسەم كەتمەيدۇ.
كىم جانىنى جانانىدىن تۇتمىسا يىراق،

www.uyghurkitap.com

قەلب بۇ ساداقەتنى تەرك ئەتمەيدۇ.
سۆز شۇ، قەسەم قىلما، نانمۇ دەسسىمە،
قەسىمىڭدىن مەندە قولاق قاپارغان.
كېيىنگىدە تۇرمىغاچ نەچچە- نەچچە رەت،
ۋىجدان ئازابلىنىپ يۈزى تاتارغان.

دۇرۇس، ئەجدادلىرىم قەسەمنىڭ چوڭقۇر-
لۇقىنى دېڭىزغا ئەيلىگەن قىياس.
ئۇنىڭ مەھكەملىكى، ئۇلۇغلۇقىنى—
تاغلارغا ئوخشاتقىنىمۇ ھەم راست.
ئۇنداقتا تاغلارنىڭ بېشى نېمىشقا—
ئاقىرىپ، دەرياچە ئاقتى كۆز يېشى؟
بىلەمسەن نېمىدىن بېرىدۇ دېرەك—
ئۇنىڭ گاھ ئوت بولۇپ، تەۋرەپ- يېنىشى؟
نېمىشقا دېڭىزنىڭ سۇلىرى ئاچچىق،
گاھى ئاسمان- پەلەك دولقۇن ئاتىدۇ؟
گاھىدا تىپتىنچ ئاسمانغا بېقىپ

يۈتمەس خىيال بىلەن جىمجىت ياتىدۇ؟
دېمەك مەزمۇت تاغلار، دېڭىز- ئوكيانلار
ئىنساننىڭ ئۆزىنى شىپى كەلتۈرۈپ
سۆزلىشكە ماقۇل بولغان جاكاسىز.
بىراق ئۇ، ئۆزىنىڭ چەكسىز ئۆمرىدە

قەسەم بۇزغانلارنى كۆرگەن خاتاسىز.
دېڭىز ئاچچىقىمۇ باشقىدىن ئەمەس،
ئاسىي بولغان ئاڭا بىرەر ۋاپاسىز.
دېڭىز ئاچچىق يۇتقان، تاغلار دەرد چەككەن،

بولغاچقا سېنىڭدەك قەلبى ساپاسىز.
ھېلىمۇ ۋەدىگە ئىشىنەلمەيمەن،
قەسىمىڭ ئاڭلىسا تاغلار دەرگۇمان.
دېڭىزمۇ ئۆزىنى كۆرسەتمەس ئۈچۈن
ئۈستىدە لەيلىتىپ قوياركەن تۇمان.
بولدىلا دائىما قەسەم قىلىشىپ،
سەبى يۈرەكلەرگە سالمايلى ھەسرەت.
بىر قاراش بىلەنمۇ، ئىما بىلەنمۇ
ئىزھار قىلىنىدۇ ھەر نە مۇھەببەت.

ئاخىرىڭنى ئاچمىغىن، ئاڭلىسا ئەگەر،
نە بولۇر تاغلارنىڭ، دېڭىزنىڭ ھالى.
ئېسىڭدىن چىقمىسۇن، قەسەمخورلارنىڭ
يۈزىدە قان يوق دېگەن خەلق ماقالى.

## سۆيگۈ ئىلاھىغا

مەيلى سەن بار بولغىن ۋە ياكى يوق بول،
تىز پۈكتۈم مەن ساڭا ئېتىقاد قىلدىم.
تاھىرغا زۆھرەنى، پەرھادقا شىرىن—
نى بېرىدىغان، ماڭا بېرەرمۇ- بىرەر
دەپ تولا قايغۇردۇم، ئېھتىيات قىلدىم.
راست سېخى ئىكەنسەن، مېنى ئۆمرۈمدە

ئىشقى ھېسسىياتتىن قىلمىدىڭ قۇرۇق.
ياردەپ تەلمۈرگەن كۆڭلۈم يېرىدگە
بىر گۈزەل ئۈنگەي دەپ تاشلىدىڭ ئۇرۇق.
بىراق ئالجىدىڭمۇ ئېزىپ كەتتىڭمۇ،

ئۇندا بىرسى ئەمەس، كۆپلىرى ئۈندى.
بەزىسى تاس قالدى جېنىم ئېلىشقا،
بەزىسى ئالدىدى، بەزىسى ئۆلدى.
سۆيگۈ بېرىپسەنۇ، بىراق بىرسىنى

سۆيۈش ئىختىيارىم بەرمەپسەن قولغا.
ئۈجمە كۆڭۈل دېگەن لەقەمگە قويدۇڭ،
تۇراقسىز بۇ ئىشقىم چۈشمىگەچ يولغا.
كۆرگەنسەن بىرىنى ئەندىلا سۆيسەم،

بايقىلىپ قالىدۇ بىر تالاي ئىللەت.
ئۆزەم رەنجىسەممۇ چاغلىق ئىش ئىدى،
رەنجىيدۇ ئۇنىڭدىن تۇغقان - جامائەت.
بىرسىگە كۆڭلۈمنى ئۇچۇرسام يەنە،

ئۇنى قىلىۋېتىسەن كۆڭلۈمدىن يىراق.
يە ماڭا بىرنىلا بەرمەي تۇرمايسەن،
يە مېنى قىلمايسەن ئىشقتىن نېرىراق.
بولدىلا قېرىدىم، سۆيگۈمۇ پۈتتى،
جۆرىسىز ئۆتسەممۇ خاپىلىقىم يوق.
لېكىن قىز - ئوغۇللار چوڭ بولۇپ قالدى،
يەپ قاچار ناكەسنى قىلما تەسەددۇق.
تەلەپىم، ئەۋەتكىن تەڭداشسىز گۈزەل،
قىلمىغىن ئۇلارغا ۋاپاسىزنى رام.
پەرزەندلەر قېينالسا مەڭگۈ كۆرمەيمەن،
چاپلىنىپ قالسۇن ئۆزەڭگە بەدنام.

## ئوڭۇممۇ بەخت، چۈشلىرىممۇ ھەم...

ئويقۇنى ئۆلۈمنىڭ ھەمراھى دەيدۇ،
بۇ قانداق ئويقۇدۇر بىلمەيمەن تېخى.
ئويقۇنى ئۆلۈكتەك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن
ھايات كەسمەيدۇ ماڭا رۇخسەت قەغزى...

كۈندۈز تىرىك ياشاپ كەچتە ئۆلۈش يوق،
ئويقۇم چۈشلەر ئاراشادىمان ئۆتەر.

خەقلەردىن بىر ھەسسە ئارتۇق ياشىدى —
دەپ مېنى چۈشلىرىم تارىخقا پۈتەر.

راست ئەمەسمۇ مېنىڭ يېگىى ئۆمرۈمدە
چۈش كۆرمەي ئۆتكۈزگەن بىرمۇ تۈنۈم يوق.
پەقەت ئۆزەملا گۇۋاھ، ياشلىق كېچىسى.

كۈندۈز كۈنلىرىمگە ئوخشاشلا ئۇلۇغ.
تاغلارغا چىقىمەن، چۆللەر كېزىمەن،
جەننەت سېلىرىدا چۆمۈپ ئۈزىمەن.

ئوڭۇمدا يوقالغان ئىلھامنى تۇتۇپ،
ئىشقى ـ مۇھەببەتتىن شېئىر تۈزىمەن.
قۇياش ئاستىدىكى تارتىنچاق كۆزلەر،

ماڭا ئۇ دەقىقە قارايدۇ تەمكىن.
كۆرۈپ قالارمىكىن بىرەر كىشى دەپ،
باغچىدا چېچىمىدەك يۇرمەيمەن غەمكىن.

ئەتە ـ كەچ، يىل ئۆتۈپ كۆرۈشەلمىگەن
مەھبۇبەم تۇيۇقسىز بولىدۇ پەيدا.
ئۇنىڭ نۇرلۇق كۆزى، تاتلىق سۆزلىرى،
مېنى كۈندۈزدىن بەك قىلىدۇ شەيدا.

تاڭ ئېتىپ، كېچىنىڭ تۇيغۇسى بىلەن
سېزىمەن ئۆزەمدە باشقىچە دەرمان.
كۈندۈزى بەخت ئىچرە ئىشلەپ، شادلىنىپ،

كېچە سۆيگۈ تاپسام، يەنە نە ئارمان!
ئۆلۈمنىڭ ھەمراھى بولغان ئۇيقۇدىن،
ئۆلۈمنىڭ ئۆزىلا ياخشى دېسەم راست.
لېكىن مەن ئۆلسەممۇ جەننەتتە ئۇخلاپ،
چۈشلىرىمنى داۋام ئېتىمەن خالاس...

## سېنىڭ قەلبىڭنى...

سېنى ياراتماپتۇ زۆھرەدەك گۈزەل،
ئالماپسەن شېرىنچە نۇرۇن سەھنىدىن.
«مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا»
مېنىڭ كۆزۈمدە سەن گۈزەل ھەممىدىن.

لېكىن كىشلەرنىڭ ئاغزىدا ئۆتمۈش،
خۇددى بۇ ئەسىردە مۇھەببەت يوقتەك.
ئاھ ـ ۋاھنىڭ ھەممىسى لەيلىلەر ئۈچۈن،
ئۆلگەنلەر تىرىكتىن بىسيار ئۇلۇغتەك.
«مۇھەببەت دېگەن ئۇ بىر كونا ناخشا،
ئۇنى ياڭرىتىدۇ ھەر قانداق يۈرەك».
ھالبۇكى زۆھرەم ۋە شېرىندا ئەندى —

قالمىغان ھېچنەرسە قايتا سۆيگۈدەك.
تاڭ سەھەر، چۈش ۋاقتى، ئايدىڭ ئاخشىمى،
يۈرىكىم قېتىدىن سوئال سورايمەن.
ھۆسنۈڭنى ئانا يەر ھۆسنىدىن كۆرۈپ،

ئۆزەمنى بەخت تونى ئىچرە ئورايمەن.
شۇ مەھەل سەن تۆككەن ساپ تەر، قىزىل قان،
سەندىكى پاراسەت سۆيگەن زېمىن دەپ.
كېلەچەك ئۆلىغا بولالىسام خىش،

تاپار ئىدى كۆڭلۈم شۇندا ئىمىن دەپ.
قالدۇرغان ئىزلىرىڭ، ماڭغان يوللىرىڭ،

سەن قۇرغان بىنالار ئالدىمدا ئايان.
زۆھرە، شېرىنلاردىن قالغىنى نېمە؟
ئۇلار ئۆز تۆھپىسىن سەندەك دەۋر قىزى،
قارىشىدا ئامال يوق قىلىشقا بايان...

ۋە شۇندا نامىڭدىن تاپىمەن غورۇر،
ماختايمەن ئىشقىمنى ئىپتىخار بىلەن.
ۋە شۇندا نامىڭدىن تىڭشايمەن ناخشا،
گۈلدۈرلىگەن كەبى دەريالاردا سەل.

خاتىرجەم بول مېنىڭ ئۆمۈر گۈزىلىم،
بىلىمەن قەلبىڭنى چىرايىدىن ئالىي.
سېنىڭ ئىجتىھاتىڭ، ئوتتۇك تەپتىدە،
تىيىنغا ئەرزىمدۇ ئۆتكەنلەر ھالى!

قەلبىڭنىڭ ئۇزلىقى ۋەتەن كۆكسىدە،
مېنى دېڭىز سىڭرى ئويغىتىپ ئۆتەر.
پۈتۈن ئىلھاملىرىم مەنبەسى ھەم سەن،
شېئىر ـ داستانلىرىم سېنىڭدىن پۈتەر.

## سەنئەت ئىشقى

سەن ھەردەم ئۇسۇلنى سۆيۈشتە سەنەم،
مەن سېنى كۆرۈشتە بەئەينى غېرىب.
بىراق مېنىڭ ئالدىمدا غېرىبقا نېمە؟
ئۇ كۆرەلمىگەن سەنەمنى ھەر كۈنى بېرىپ.

سېنىڭ نەدىلىكىڭ بىلسەملا بولدى،
نازاكىتىڭنى دەپ قالمىدىم ھېرىپ.
ئۇسسۇل ئۇ ئەزەلدىن مىللىتىم كۆركى؛
ئۇسسۇل بولغاچ يۇرتۇم كەتمىدى قېرىپ.
بىلەمسەنكى شۇتاپ، بىلمەمسەنكى يا،
دىلىمغا مۇھەببەت قويغىنىڭ تېرىپ؟

ئىشەنسەڭ كۆزۈمدە چاقنىغان ئوت بار،
ئىشەنمىسەڭ كۆرگىن يۈرىكىنى يېرىپ!

1985 — 1986 — يىللار. ئاقسۇ، ئۈرۈمچى.

www.uyghurkitap.com



# دۆلىتىمىزدىكى قازاق خەلقى

نىغمەت مىڭجانىي


## قازاق خەلقىنىڭ تارىخىي ئەھۋالى توغرىسىدا

قازاق — ئۇزۇن تارىخقا ئىگە مىللەت. قازاق خەلقى — قەدىمكى زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئولتۇراقلاشقان تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى ئۇيسۇن، قاڭلى، دۇلات، جالايىر، ئارغىن، نايمان، كىرەي، ۋاق، قوڭىرات، قىپچاق، ئالشىن، قارلىق، سېرىق ئۇيسۇن (تۈركەش) ۋە باشقا قەبىلىلەر ۋە قەۋملەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ھاسىل بولغان.

قەدىمكى يۇنان مەنبەلىرى بىلەن پارىسلارنىڭ سىنا يېزىقىدىكى مەنبەلەرنىڭ بايان قىلىشىغا قارىغاندا IV – VII - ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا «ساق» دەپ ئاتىلىدىغان كۆچمەن قەۋملەر ياشىغان. ساقلارنىڭ ئۈچلۈق تىزماق كىيىدىغان «ساق» («Tigarahawdsak») دەپ ئاتالغان بىر قىسمىنىڭ ئاساسىي يايلاقلىرى ۋە ئولتۇراقلىشىش جايى — ئىلى ۋادىسى بىلەن يەتتە سۇ تۈزلەڭلىكى ئىدى.

III - ئەسىردە ساقلار ماكان تۇتقان يەرلەردە ئۈچ چوڭ قەۋملەر ئىتتىپاقى بارلىققا كەلگەن. بۇلار ئۇيسۇنلار، قاڭلىلار ۋە يانسالارنىڭ (ئالان ياكى ئالىشىنلارنىڭ) قەۋملەر ئىتتىپاقى ئىدى. مۇشۇ ئىتتىپاقلارنىڭ قۇرۇلۇش مۇناسىۋىتى بىلەن بۇرۇن بۇ ئەتراپنى ماكان قىلغان ساق قەۋملىرى مۇشۇ ئىتتىپاققا قاتنىشىپ، شۇلارنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىلىدىغان بولدى. ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى «خەن يىلنامىسى» دە «...ئۇيسۇنلارنىڭ ئىچىدە ساقلارمۇ، ئۇلۇغ يۈزلەر (ئاۋۇللار) مۇ بار» ① دەپ يېزىلغان.

قازاق خەلقىنىڭ ئەجدادلىرى بولغان قەدىمكى ئۇيسۇنلار، ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا رايونلىرى بىلەن زىچ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ئالاقە ئورناتقان. جۇڭگونىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا، ئۇيسۇنلار غەربىي خەن دەۋرىدە تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى ئەڭ كۈچلۈك ئەل ئىكەنلىكى، ئۇيسۇن ئېلىدە 120 مىڭ تۈتۈن، 630 مىڭ ئادەم، 88 مىڭ 800 ئاتلىق ئەسكەر بارلىقى بايان قىلىنغان. ئۇ، شۇ زامانىنىڭ ھېسابى بىلەن ئۆلچىگەندە ناھايىتى




① «خەن يىلنامىسى» — شەرقىي ئۆلكە بابى

چوڭ كۆچ ئىدى. شۇڭلاشقا خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خەنۋۇدى ئۇيسۇنلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئورتاق دۈشمەنگە بىرلىكتە قارشى كۈرەش قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇيسۇنلار، غەربىي ۋە شەرقىي خەن دەۋرلىرىدە بۇ ئىككى سۇلالە بىلەن 400 يىللىق دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىپ غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى «يىپەك يولى»نى ئېچىشقا چوڭ تۆھپە قوشقان.

قازاق قەۋملىرى VI – VIII ئەسىرلەردە غەربىي تۈركلەرنىڭ تەركىبىدە بولدى. غەربىي تۈركلەرنىڭ ئاساسىي مەركىزى يەتتە سۇ ئىدى. ئۇنىڭغا قاراشلىق ئاساسىي خەلق ئۇيسۇن، قاڭلى، دولات، نۇشبە، قارلىق، تۈركەش ۋە باشقىلار ئىدى. VIII – ئەسىردە غەربىي تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى گۇمران بولدى. VIII – X – ئەسىرلەردە قازاق قەۋملىرىگە تۈركەش ۋە قارلىقلارنىڭ ھەربىي فېئودال ئەمەلدارلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلدى. تۈركەشلەر بىلەن قارلىقلارنىڭ ئاساسىي مەركىزى «ئۇيسۇنلارنىڭ ئانا ماكانى» ئىلى ۋادىسى ۋە يەتتە سۇ تۈزلەڭلىكى بولدى. مانا شۇ دەۋردە قازاق قەۋملىرى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل خەلق بولۇپ شەكىللەندى. قازاق دېگەن ئىسىممۇ مۇشۇ مەزگىلدە پەيدا بولدى. قازاق خەلقىنىڭ شەكىللىنىشىدە قەدىمكى ئۇيسۇن، قاڭلى، ئالانلار ئىتتىپاقى يادرو بولدى. ئۇنىڭغا كېيىنكى دەۋرلەردە شەرقىي تەرەپتىن دۇلاتلار، قارلىقلار، تۈركەشلەر، قىپچاقلار، ئارغىنلار، كېرەيلەر، نايمانلار، قوڭراتلار يەنە باشقىلار كېلىپ قوشۇلدى. بۇ قەۋملەرنىڭ ئەسلى – زاتى، تىلى، ئۆرپ – ئادەتلىرى، مەدەنىيىتى بىر – بىرىگە ناھايىتى يېقىن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈلۈشى – فېئوداللىق قۇرۇلۇش، ئىقتىسادىي – كۆچمەن مال چارۋىچىلىق ئىدى. ئۇلار ماكان قىلغان ئاساسىي تېررىتورىيە، ئۇيسۇنلارنىڭ ئانا ماكانى – ئىلى ۋادىسى ۋە يەتتە سۇ تۈزلەڭلىكى بولدى. ئۇلار بۇ خىل جەمئىيەت قۇرۇلۇشى، ئىقتىسادىي تۇرمۇش شارائىتىدا ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىياتلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، تەبىئىي ھالدا قازاق خەلقىنى شەكىللەندۈردى. ھازىرقى قازاق خەلقىنىڭ تەركىبىدە ئۇيسۇن، قاڭلى، دۇلات، جالايىر، ئارغىن، نايمان، كىرەي، ۋاق، ئالشىن، قارلىق (قارىيىق)، سىرىق ئۇيسۇن (تۈركەش) يەنە باشقا قەۋملەر بار.

بۇلارنىڭ ناملىرى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ساقلانماقتا. شىنجاڭنىڭ ئىلى ۋىلايىتىدە ئۇيسۇن قەۋملىرىنىڭ ئالبان ۋە سىۋان دەپ ئاتىلىدىغان قەبىلىلىرى ياشايدۇ. ئىلى ۋىلايىتىدە ئۇيسۇن تېغى دېگەن تاغ بار. بۇ – شۇ مەزگىلدە غەربىي خەن دەۋرىدە ئۇيسۇن ئېلى ماكان قىلغان تاغ. قازاق خەلقى IX – X ئەسىرلەردە قاراخانىلارنىڭ تەركىبىگە كىردى. XII – ئەسىردە كىدانلار (قارا خىتايلار) قۇرغان غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ قول ئاستىدا بولدى. XIII – ئەسىردە – چىڭگىزخان دەۋرىدە قازاقلارنىڭ كۆپچىلىكى ئېرتىشتىن ئىدىل (ۋولگا) غا قەدەر سوزۇلغان قىپچاق ئۇلۇسى – ئالتۇن ئوردىنىڭ قول ئاستىدا، يەنە بىر قىسمى چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ قول ئاستىدا بولدى. ئالتۇن ئوردىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى داۋالغۇپ پارچىلىنىشقا باشلىغاندا قازاقلار ئالتۇن ئوردىدىن بۆلۈنگەن ئاق ئوردىنىڭ قول ئاستىدا بولدى. كېيىن ئاق ئوردا ئۆز ئىچىدىن «نوغاي ئىتتىپاقى»، «ئۆزبېك خانلىقى» دەپ ئىككىگە بۆلۈندى. مۇشۇ مەزگىلدە 1456- يىلى جانىبېك ۋە كېرەيلەرنىڭ باشلامچىلىقىدىكى قازاقلار ئۆزبېك خانى ئوبۇلخەيرگە قارشى چىقىپ، شەرققە كۆچۈپ كېلىپ، چۇ دەرياسى بىلەن تالاس دەرياسىنىڭ ۋادىسىدا قازاق خانلىقىنى قۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇرۇن نوغاي ئىتتىپاقىنىڭ قول ئاستىدىكى كۆچۈمنىڭ سىبىر خانلىقىغا قاراشلىق قازاقلار (موغۇلىستاندىكى قازاقلار) كەينى – كەينىدىن كۆچۈپ كېلىپ قازاق خانلىقىغا قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ قازاق خەلقىنىڭ ئۆز ئالدىغا يەككە خەلق بولۇپ شەكىللىنىش جەريانى ئاخىرلاشتى.

قازاق دېگەن ئىسىمنىڭ مەشھۇر بولۇشىدىمۇ بىر قەدەر ئۇزۇن تارىخىي جەريان بار. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئارال دېڭىزىنىڭ شىمالىي ۋە شەرقىدىكى ئالانلار «يەنسەي» دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە بۇلار «خاسا»، «گىسا»، «ئاسا»، «كىسا» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

X - ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر پارس شائىرى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىي ئۆزىنىڭ دۇنياغا مەشھۇر «شاھنامە» ناملىق داستانىدا، مۇشۇ ئارال دېڭىزىنىڭ شىمالىي ۋە غەربىدىكى كۆچمەن ئەللىنى «قازاق» ۋە «قازاق خانلىقى» دەپ ئاتىغان. ئۇلارنىڭ سانى كۆپ ۋە كۈچلۈك ئەل ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئىرانىنى قورقۇتماقچى بولغان. X - ئەسىردىكى ۋىزانتىيەنىڭ پادىشاھى كونستانتىن پورپىرودىن كۇبان دەرياسىدىن شەرققە قاراپ ماكانلاشقان كەڭ قىپچاقلارنى «قازاقىيا» دەپ ئاتىغان. بۇ پاكىتلار، جۇڭگو تارىخىدىكى «يەنسەي»، «خاسا»، «ئاسا»، «كىسا» دېگەن ئاتالغۇلارنىڭ قازاق دېگەن سۆزنىڭ شۇ مەزگىلدىكى خەنزۇچە ئاتىلىشى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

مەشھۇر تارىخچى، ئېتنوگراف، تىلشۇناس ئا. ۋامبېرى 1885 - يىلى نەشىر قىلغان «تۈرك خەلقىنىڭ ئېتنولوگىيىسى ۋە ئېتنوگرافىيىسى» دېگەن كىتابىدا «قازاق» دېگەن ئىسىمنىڭ X - IX - ئەسىرلەردە ئەلگە تونۇش، دۇنياغا مەشھۇر خەلقنىڭ ئىسمى بولغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى تارىخىي پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلىغان.

ئەرەب يازغۇچىسى ۋە ساياھەتچىسى مۇھەممەد ئەل ئاۋفى ئۆزىنىڭ 1228 - يىلى ھىندىستاندا يازغان «ئاجايىپ ھېكايىلەر بىلەن رىۋايەتلەر توپلىمى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «قارلۇقلار بۇرۇن ئالتاي تېغىنى ماكان قىلىپ، توققۇز ئوغۇزغا قارىغان، ئۇلار توققۇز ئۇلۇس بولغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈچ قەۋم چىغىل ۋە ئۈچ ئۇلۇس قازاق بار ئىدى.»

قارلۇقلار 766 - يىلى يەتتە سۇ تۈزلەڭلىكىدە تۈركەشلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تارمار قىلىپ، ئۇيسۇن، قاڭلى، دولات ئوخشاش قەۋملەرنى بويسۇندۇرۇپ، قارلۇق خاقانلىقىنى قۇرغانىدى. بۇنى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتتۇق. مانا بۇ - «قازاق» دېگەن ئىسىمنىڭ VIII - ئەسىردىن بۇرۇن بار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇنىڭدا «ئۈچ ئۇلۇس قازاق» دەپ قازاقلارنىڭ «ئۈچ يۈزى» (ئۈچ ئاۋۇلى) ئېيتىلغان.

يۇقىرىدىكى يازما پاكىتلار «قازاق» دېگەن ئاتالغۇ پەقەت XV - ئەسىردىلا دۇنياغا كەلگەن دېگەن پىكىرلەرنىڭ تارىخىي پاكىتلار ۋە ۋاقىت بىلەن ھېسابلاشماي ئېيتىلغان، پىشمىغان ئوقۇم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. 1723 - يىلى قازاقلار جۇڭغار فېئودال لىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراپ «سەرسان بولۇپ چىقىپ كەتتى». چىڭ سۇلالىسىنىڭ جۇڭغار فېئوداللىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكىنى تىنجىتىش ھەرىكىتىنى، شۇ مەزگىلدىكى قازاقلارنىڭ خانى ئابلاي ئاكتىپ قوللاپ ياردەملەشكەن. جۇڭغار فېئوداللىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكى تىنجىتىلغاندىن كېيىن، 1757 - يىلى ئىلى قازاق خانى ئابلاي چىڭ سۇلالىسىگە بېيئەت قىلىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ يارلىقنامىسىنى ۋە كالىندارىنى قوبۇل قىلدى. بۇرۇن جۇڭغار فېئوداللىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىدىن غەربكە يۆتكىلىپ كەتكەن قازاقلار قايتا شەرققە كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئانا ماكانلىرىدا ئولتۇراقلاشتى. دۆلىتىمىزدىكى قازاق خەلقى شىنجاڭدىكى قېرىنداش خەلقلەر بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ ئازادلىقى يولىدا ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى داۋاملىق كۈرەش قىلىپ كەلدى. 1944 - يىلى ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنى گۇمران قىلىپ، خەلق ھاكىمىيىتىنى قۇرغانىدى. 1949 - يىلى كۈزدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇپ، قازاق خەلقى ئازادلىققا ئېرىشتى.

1954- يىلى قازاقلار زىچ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. شۇ يىلى 25- يانۋاردا چىڭخەيدە خەيشى موڭغۇل، زاڭزۇ، قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىرى، 27- ئاپرېلدا گەنسۇ ئاقساي قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى، 17- ئىيۇلدا شىنجاڭدا مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى، 30- سېنتەبىردە بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى، 29- نويابىردا ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلدى. قازاق خەلقى ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولدى.

## قازاق خەلقىنىڭ تىل - يېزىقى توغرىسىدا

قازاق تىلى — تۈركى تىللىرى ئائىلىسىنىڭ قىپچاق قىسمىغا كىرىدۇ. قازاق تىلى — قازاق يېرىنى قەدىمدىن تارتىپ ماكان قىلغان، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى زاتى بىر- بىرىگە يېقىن كېلىدىغان قاڭلى، ئۇيسۇن، قىپچاق، ئارغىن، نايمان، كېرەي، ئالشىن ۋە باشقا قەۋملەرنىڭ تىللىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن.

قازاق خەلقى VI – VIII – ئەسىرلەردە قەدىمكى تۈرك يېزىقىنى (ئورخۇن يېنسەي يېزىقىنى)، VIII– ئەسىردىن كېيىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللانغان.

X– ئەسىردىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىياغا ئىسلام دىنىي كىرىشكە باشلىدى. ئىسلام دىنىنىڭ كىرىشى بىلەن ئەرەب يېزىقى ئومۇملاشتى. قازاق خەلقىمۇ ئەرەب يېزىقىنى قوبۇل قىلدى.

لېكىن كونا ئەرەب يېزىقىنىڭ قازاق تىلىنىڭ تاۋۇش سىستېمىسىغا ماس كەلمەيدىغان جايلىرى كۆپ ئىدى. كونا ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى ئىككى سوزۇق تاۋۇش («ا»، «و») قازاق تىلىدىكى توققۇز سوزۇق تاۋۇشنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەرەب ئېلىپبەسىدە قازاق تىلىدا يوق ظ ط ض ص، ذ، غ، خ گە ئوخشاش بىر نەچچە ھەرپ بار ئىدى. يېزىقنىڭ تىل تاۋۇشىغا ماسلاشماسلىقى ئوقۇش بىلەن يېزىقنى قىيىنلاشتۇردى. خەلقنىڭ ساۋاتلىق بولۇش دەرىجىسى تۆۋەن بولدى. نەتىجىدە كونا ئەرەب يېزىقىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشكە توغرا كەلدى. XX– ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كونا ئەرەب يېزىقىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلۈپ ئەرەب ھەرپى ئاساسىدا قازاق خەلقىنىڭ يېڭى يېزىقى ئىجاد قىلىندى. بۇ يېزىق بۇرۇنقى ئەرەب يېزىقىغا قارىغاندا كۆپ ئاسان بولۇپ، قازاق تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشتى، قازاق خەلقىنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا چوڭ رول ئوينىدى. گېزىت - ژۇرناللاردا، كىتابلاردا ۋە دەرسلىكلەردە يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان مۇشۇ يېزىق قوللىنىلماقتا. ھازىر شىنجاڭدا قازاق تىلىدا: «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئىلى گېزىتى»، «ئالتاي گېزىتى»، «تارباغاتاي گېزىتى» قاتارلىق تۆت خىل گېزىت چىقىدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئىلى خەلق نەشرىياتى، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، شىنجاڭ سەھىيە نەشرىياتى قاتارلىق نەشرىياتلار قازاق تىلىدا كىتابلارنى نەشر قىلىدۇ. بېيجىڭدا — قازاق تىلىدا «قىزىل بايراق» ژۇرنىلى، «مىللەتلەر» رەسىملىك ژۇرنىلى، جاڭدا «شۇغىلا»، «شالغىن»، «ئىلى دەرياسى»، «ئالتاي باھارى»، «تارباغاتاي» قاتارلىق ئەدەبىي ژۇرناللار چىقىرىلماقتا. مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى قازاق تىلىدا ئاڭلىتىش بېرىدۇ.

## قازاقلارنىڭ چارۋىچىلىقى

دۆلىتىمىزدىكى قازاق خەلقىنىڭ نوپۇسى 1 مىليون ئەتراپىدا، ئۇلار تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدا، بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىدە، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدا، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ئاقساي قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىدە ئولتۇراقلاشقان.

www.uyghurkitap.com

قازاق مىللىتى ئاساسەن شىمالىي شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، بۇ يەرنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل، سۈيى ئەلۋەك، تۇپرىقى مۇنبەت، باي، خاسىيەتلىك يەر ماكان. ئەتراپى ئېگىز تاغ چوققىلىرى بىلەن قورشالغان جۇڭغار ئويمانلىقى بىلەن ئىلى ئويمانلىقى شىمالىي شىنجاڭنىڭ «ئاشلىق ئامبىرى»، «مېۋە - چېۋە باغچىسى»، «كان ئىسكىلاتى»، «نېفىت دېڭىزى»، «چارۋىچىلىق بازىسى» دېگەن شۆھرىتى بىلەن پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر. جۇڭغار ئويمانلىقىدا 12 تارماق ئېقىندىن ھاسىل بولغان داڭدار ئېرتىش دەرياسى، ماناس دەرياسى، ئېبىنۇر دەرياسى، ئىلى ئويمانلىقىدا — تېكەس دەرياسى، كۈنەس دەرياسى ۋە قاش دەريالىرىدىن تۈزۈلگەن داڭلىق ئىلى دەرياسى بار. تەڭرى تېغى ۋە ئالتاي تاغلىرىنىڭ ئېگىز چوققىلىرىدىكى قېلىن قار ۋە مەڭگۈلۈك مۇزلار يازنىڭ قاتتىق ئىسسىق مەزگىلىدە ئېرىپ، كەلكۈن بولۇپ، ئويمانلىقنىڭ ھەممە يېرى سۇ بىلەن قاپلىنىپ بۇ ۋادىلارنى مول ھوسۇللۇق ئېتىزلىقلارغا، باراقسان مېۋىلىك باغلارغا، ياپيېشىل ئوت - چۆپ، گۈل - گىيا بىلەن قاپلانغان گۈزەل يايلاقلارغا ئايلاندۇرغان. ئويمانلىقنىڭ ئەتراپىنى قورشىغان ھاۋاسى ساپ ھەم سالقىن تاغلار، ئوت - چۆپلىرى شىرنىلىق، سۈيى سۈزۈك، گۈزەل يايلاقلار، چارۋا ماللارنىڭ سەمرىشى، تۆللەرنىڭ يېتىلىشى ئۈچۈن ئېھتىياجلىق بولغان قولايلىق شارائىتلارنى ھازىرلاپ بېرىدۇ. دەريا بويلىرى ۋە تاغ - جىلغىلار، تۆپىلىكلەرنىڭ ھاۋا كېلىماتى مۆتىدىل، ئوت - چۆپلىرى كۆچلۈك بولۇپ، مالغا ھوزۇرلۇق قىشلاقلاردۇر. جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى قۇملۇقلار كۈزلۈك يامغۇردىن كېيىن قايتا كۆكلەيدۇ - دە، قىشتا مال بېقىشقا قولايلىق قونالغۇغا ئايلىنىدۇ.

شىنجاڭدىكى قازاقلار ماكانلاشقان شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئىقلىمى ئومۇمەن ئالغاندا قىشتا نۆلدىن تۆۋەن 20 گرادۇس، يازدا نۆلدىن يۇقىرى 20 گرادۇس ئەتراپىدا، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن يۇقىرى بەش گرادۇس ئەتراپىدا بولىدۇ. بۇ يەرلەر دېھقانچىلىققا ھەم چارۋىچىلىققا باپ كېلىدۇ. قازاق خەلقى چارۋىچىلىق بىلەنمۇ، دېھقانچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ. قازاقلار ماكانلاشقان رايونلاردا تېرىلىدىغان ئاشلىق زىرائەتلىرىدىن : بۇغداي، ئارپا، تېرىق، شال، سۇلۇ، چۈژگۈن قوناق، گاۋلياڭ، ياڭيۇ؛ ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن: زىغىر، تاماكا، قىزىلچا ۋە خىلمۇخىل مېۋىلەر بار. شۇڭا ئىلى ئويمانلىقىنىڭ «شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ئامبىرى»، «چارۋىچىلىق بازىسى»، «يەل - يېمىش ماكانى» دېگەن نامى بار.

چارۋىچىلىق - قازاق خەلقىنىڭ ئاتا كەسپى بولۇپ، قازاقلار قوي، ئات، كالا ۋە تۆگىدىن ئىبارەت تۆت تۈرلۈك چارۋا بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى قوي ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا «قويى بار بار باي، پۇلى بار باي» دېگەن ماقال بار. قازاقلار شىنجاڭ «ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى» بىلەن ئېلىمىزگە داڭ چىقارغان. ئېسىل قوي سورتى ئەڭ دەسلەپتە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئىلى ۋىلايىتىدە يېتىشتۈرۈلگەن.

قازاق خەلقىنىڭ يايلىقى ۋە ماكانى ھېسابلانغان تەڭرىتاغ، ئالتاي، تارباغاتاي تاغلىرى ئۆزىنىڭ مول ئورمان بايلىقى بىلەن داڭ چىقارغان. بۇ يەرلەردە تەڭرى تېغىنىڭ ئاق ئارچىسى، ئالتاينىڭ قارىغاي ۋە ئاق قېيىنغا ئوخشاش ئورمان بايلىقلىرى بار.

قازاق خەلقى ئولتۇراقلاشقان يەرلەردە تەبىئەتنىڭ تۈگىمەس كانى — تۈرلۈك ياۋايى ھايۋاناتلار، قۇشلار بار. بۇلاردىن مۇھىملىرى:

(ئاخىرى 68 - بەتتە)

# 1986-يىلى پايتەختتە ئۆتكۈزۈلگەن «خەلق مۇزىكىلىرى ۋە خەلق ئۇسسۇللىرىنىڭ مەملىكەتلىك مۇسابىقىسى»دە ئاپتونوم رايونىمىزدىن قاتناشتۇرۇلغان نومۇرلار ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى.

ھېيتەم ھۈسەيىن      زۇنۇن باقى

مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى بىلەن رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن 1986-يىلى پايتەختتە ئۆتكۈزۈلگەن «خەلق مۇزىكىلىرى ۋە خەلق ئۇسسۇللىرىنىڭ مەملىكەتلىك مۇسابىقىسى»دە، ئاپتونوم رايونىمىزدىن قاتناشتۇرۇلغان 11 نومۇر 20 تۈردە مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

بۇ قېتىمقى مۇسابىقە ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى، 10-ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن بىرىنچى باسقۇچلۇق مۇسابىقىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىن قاتناشتۇرۇلغان 11 نومۇر (سىنئالغۇغا ئېلىنغان نۇسخىسى) دىن:


1- خوتەن ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت يۇرتىدىكى ئابدۇللا مەجنۇن يېڭىدىن ئىختىرا قىلغان قوش دەستىلىك ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابى دىلتار بىلەن ئۆزى ئورۇنلىغان «ئەجەم مۇقامىدىن پارچە»؛

2- چۆچەك ناھىيە چىشا يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتىدىكى ئېركىن (قازاق) دومبۇرا بىلەن ئورۇنلىغان مۇزىكا «قىران بۈركۈت»؛

3- تارباغاتاي ۋىلايەتلىك 2-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى گۈلنار (قازاق) ئورۇنلىغان ناخشا «قۇربۇجان»؛

4- بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئاممىۋى سەنئەت يۇرتىدىن جۇدە (موڭغۇل)، چېرىن (موڭغۇل)، ئورىنا (موڭغۇل) قاتارلىقلار ئورۇنلىغان ئۈچ كىشىلىك موڭغۇلچە ئۇسسۇل «يۇرتقا مۇھەببەت» قاتارلىق تۆت نومۇر ئىككىنچى باسقۇچلۇق مۇسابىقە — ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلىدىغان نومۇر قىلىپ تاللانغانىدى.

بۇ تۆت نومۇرنى ئورۇنلاشقا قاتناشقان خادىملار ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت يۇرتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بېيجىڭغا بېرىپ، 12-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 8-كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلگەن ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.




پۈتۈن مۇسابىقىدە، ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتناشقان تۆت نومۇرنىڭ ھەممىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 2-دەرىجىلىك ئورۇنلاش مۇكاپاتىغا؛ قازاقچە ناخشا «قۇربۇجان» نىڭ تېكىستى ۋە

قازاقچە مۇزىكا «قىران بۈركۈت» نىڭ مۇزىكىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1- دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا، يەنە مۇشۇ ئىككى نومۇر ئايرىم - ئايرىم ھالدا 2- دەرىجىلىك يېتەكچىلىك قىلىش مۇكاپاتىغا؛ موڭغۇلچە ئۇسسۇل «يۈرەكتىكى مۇھەببەت» 2- دەرىجىلىك تۈزۈش، رېژىسسورلۇق قىلىش مۇكاپاتىغا؛ يەنە مۇشۇ نومۇر 2- دەرىجىلىك يېتەكچىلىك قىلىش مۇكاپاتىغا؛ ئۇيغۇرچە ناخشا «كاككۇك» نىڭ تېكىستى 2- دەرىجىلىك تېكىست ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا؛ بۇ ناخشىنى ئورۇنلىغان ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت يۇرتىدىكى ئايتىللا ئەلا 3- دەرىجىلىك ئورۇنلاش مۇكاپاتىغا؛ سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىن ئايگۈل قاتارلىقلار ئورۇنلىغان قازاقچە كوللېكتىپ ئۇسسۇل «ئۆرلە قازاق كەشتىچىلىكى» ئورۇنلاش، تۈزۈش، رېژىسسورلۇق ۋە يېتەكچىلىك قىلىش بويىچە ئايرىم - ئايرىم ھالدا 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

يۇقىرىقى نومۇرلاردىن باشقا يەنە:

1- كۇچا ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن نۇر ئىبراھىم ساتار بىلەن ئورۇنلىغان «چارىگاھ مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى»؛

2- قۇمۇل ۋىلايەتلىك ۋەكىللەر دۆيى ئورۇنلىغان «قۇمۇل خەلق ئۇسسۇلى»؛

3- تېكەس ناھىيىسىدىن زۇلەيخا (قىرغىز) بىلەن راملا (قىرغىز) ئورۇنلىغان قىرغىزچە قوش ئاۋازلىق ئاكورتلۇق ناخشا «گۈزەل تېكەس»؛

4- تارباغاتاي ۋىلايىتىدىن فېدروف (رۇس)، نادىيە (رۇس)، نىنا (رۇس) قاتارلىقلار ئورۇنلىغان رۇس خەلق ئۇسسۇلى «ئادنوچكا»؛

5- چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىدىن گۈەن شىنچاڭ (شىبە)، گۈەن ليەنفاڭ (شىبە) لار ئورۇنلىغان شىبەچە ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇل «توي شادلىقى» قاتارلىق نومۇرلارنىڭ سىنئالغۇغا ئېلىنغان نۇسخىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا «مول ھوسۇل» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى سىنئالغۇغا ئېلىپ ئىشلەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

بۇ قېتىمقى مۇسابىقە ئىشتىن سىرتقى مىللىي سەنئەت تالانتلىرى ۋە يېتەكچى خادىملىرىنى بايقاش، مۇكاپاتلاش، ئۇلارنىڭ مول نەتىجىلىرىنى كەڭ خەلق ئاممىسىغا تونۇشتۇرۇش، مىللىي ناخشا، ئۇسسۇل، مۇزىكا سەنئىتىنى يۈكسەلدۈرۈش جەھەتلەردە زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

---

(بېشى 66 - بەتتە)

جەرەن، تاغ ئۆچكىسى، ئارقار، بۇغا، مارال، بۆكەن، قۇلان، قوتاز، سەۋسەر، ئېيىق، بۆرە، تۈلكە، قاپلان، سىلەيسۇن، بۇلغۇن، تىيىن، قۇندۇز، سۇغۇر، مالىن، غاز، ئۆدەك، قىرغاۋۇل، ئۇلار، قۇر قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئېرتىش دەرياسى بىلەن ئىلى دەرياسىدا ۋە باشقا دەريالار بىلەن ئۇلۇغ‌كۆل قاتارلىق كۆللەردە خىلمۇخىل بېلىقلار بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىلى دەرياسىدىكى تاپان بېلىق، ئېرتىش دەرياسى بىلەن ئۇلۇغ‌كۆل كۆلىدىكى بەكرە، قىزىل بېلىق ۋە قارا بېلىقلىرى داڭلىق.

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى — يەر ئاستى كان بايلىقى مول، مۇنبەت جاي، ئۇنىڭدا كۆمۈر، تۆمۈر، ئالتۇن، كۈمۈش، تۇز، ھاك، چىرىمتال ۋە رەڭلىك مېتاللار بىلەن ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللارنىڭ ھەر خىلى تېپىلىدۇ. ھەممىگە مەشھۇر قاراماي، ئورخۇ نېفىت رايونى، مايتاغ نېفىت رايونىمۇ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدا. (داۋامى كېيىنكى ساندا)






## تۇرپان خەلقى

قەييۇم بارات (دېھقان)

«ئوت يۇرتىنى بوستان قىلغان—
تۇرپان خەلقى»— نامىڭ سېنىڭ.
چاقنار تارىخ بەتلىرىدە،
يۈكسەك شەرەپ-شانىڭ سېنىڭ.

يۈرىكىڭنىڭ ھارارىتى،
ئايان بۈيۈك يالقۇن تاغدىن.
جەننەت خىجىل، بۇ ۋادىدا
سەن ياشناتقان چىمەنباغدىن.

يەر قەرىدىن زەمزەم ئېلىپ،
ھايات بەردىڭ ئېتىزلارغا.
ئالتۇن ۋادا ئايلانماقتا،
ئۈزۈمزارلىق دېڭىزلارغا.

چاچتى بەخت قۇياشى نۇر،
كېلۈپ باقتى ساڭا دەۋران.
نۇرلە باتۇر تۇرپان خەلقى،
ئىستىقباللىق پارلاق ھامان.

## بوستان يېزام

مۇختار ئىبراھىم

گۈلباغ ئارا، بوستان ئارا،
ئۈچتى ئىپار بۈيلۈق سابا.
چۈمدى باھارنىڭ پەيزىگە،
مۇنبەت ئېتىز، گۈلشەن ۋادا.

چىقسام ئېتىزغا ھەر سەھەر،
چىللار مېنى قوينىغا يەر.
ئىشلەيمەن تاڭدىن شامغىچە،
يەردىن ئېلىپ ھەر كۈزدە زەر.

بوستان يېزامدۇر—جەننىتىم،
قانماس ئاڭا كۆڭلۈم مېنىڭ.
تەرلەر تۆكۈپ تۇپراقىغا،
ئۆتمەكتە شاد ئۆمرۈم مېنىڭ.

## مەڭگۈ بىللە ئىشلىسەك

ياسىن مەخسۇد

سېنى ئىزدەپ بارغىچە،
ئۆزەڭ كەپسەن مەلەمگە.
ئادا قىلدىم شەرتىڭنى،
تۇرۇپ ئوتلۇق ۋەدەمگە.

سەيلى قىلغىن، كۆرگىن سەن،
مەن ياشناتقان بوستاننى.
ئاڭلىغىن ئەل ئاغزىدىن،
مەن ياراتقان داستاننى.


كەلگىنىڭگە تەسەددۇق،
شېرىن سۆزلۈك جانانىم.
مەڭگۈ بىللە ئىشلىسەك،
دېلىدا قالماس ئارمانىم.

www.uyghurkitap.com

# ئەيسا

## (ھېكايە)

راندژىد دېسائى (ھىندىستان)



— ساھىب①، بۇ يەرلەردە سائەت ئون ئىككى بولغاندا دەرۋازىلار تاقىلىدۇ...

مەن چۆچۈپ كۆزۈمنى ئاچتىم. سائەت ئون ئىككى بولۇپ قاپتۇ. سۈتتەك ئاپئاق مەرمەردىن ياسالغان «تاج مەھەل» يىراقتىن كۆزگە سالاپەتلىك، سىرلىق، سېھىرلىك كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئەمدىلا ئون ئىككى كۈنلۈك بولغان ئاي سەرۋى دەرىخىنىڭ شاخلىرى ئارىسىدىن خۇددى گۈزەل گۈلدەك ئەپسانىۋى بىر تەبەسسۇم بىلەن باقاتتى.


مەن دەرۋازىلار تاقىلىپ بولغان بولسا ئەمدى تاڭ ئاتقىچە ئېچىلمايدۇ - دە، دەپ ئويلىدىم، كۆڭلۈم غەش، كەيپىياتىم ئوسال ئىدى. ساقچىنىڭ ئاگاھلاندۇرغۇچى سۆزلىرى ھامان قۇلىقىم تۈۋىدە جاراڭلايتتى.

كۈن بويى ۋاقتىمنى ئاگرانى تاماشا قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدۈم، قاش قارايغاندا ئاي نۇرىغا چۆمۈلگەن تاج مەھەلنى كۆرۈش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەنىدىم. دىلىمدا تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولمايدىغان قانداقتۇ بىر خىيالىي ھېسلار ئويناتتى، بۇ ھېسلار نازۇك ۋە يەڭگىل تۇيۇلۇپ، ئۇ، نەزەرىمدە تىللارەڭ ئاي نۇرلىرىدىن توقۇلغان ئاجايىپ بىر تور پەردە ئارىسىدىن كۆرۈنەتتى. ئەنە شۇ خىيالىي ھېسلارغا مەھلىيا بولۇپ، تۈن كېچە بولغانلىقىنى سەزمەي قاپتىمەن، مېنى ئۇيقۇ باستى. ئۇيقۇدىن كۆزۈمنى ئاچسام سائەت ئىككىگە داڭ ئۇرۇپتۇ.

مەن يەنە تاج مەھەلگە، ئۇنىڭ سىرلىق، ئېنىق ئىشلەنگەن چىرايلىق مۇنارلىرىغا نەزەر تاشلىدىم. خىيالىمدا ھازىر شۇنداق بۈيۈك بايلىققا مەندىن باشقا ھېچكىم ئىگە ئەمەستەك، كامالەتنىڭ مانا شۇ ساخاۋەتلىك ئىنئامى ئەينى ۋاقىتلاردا پەقەت ماڭىلا نېسىپ بولۇۋاتقاندەك تۇيغا كەلدىم، يۈرىكىم ئالىلىقاندەك ئىپتىخارلىق ھېسلىرىغا تولۇپ كەتتى.

شۇ تۇرغىنىمچە تاج مەھەلگە ئۇزاق تىكىلدىم. بۇ مەڭگۈ گۈزەللىكنىڭ قارشىسىدا ئەبەدى تۇرۇشقا رازى ئىدىم. تاج مەھەلنىڭ ئالدىدىكى كۆلچەككە ئورنىتىلغان فونتاندىن ئېتىلىپ چىقۋاتقان سۇلار ئۈنچىلەرگە بۆلۈنۈپ، ئاينىڭ جىمجىت نۇرلىرىنى يوشۇرماقچى بولاتتى. مەن مانا شۇ نۇر ۋە سايىلەرنىڭ ئويۇنىدىن قانداقتۇر بىر يېڭىلىقنى ئىزلىدىم؛ نەزىرىمدە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن تۇيدۇرمايلا بىر شەپە «لىپ» قىلىپ ئۆتكەندەك بولدى.

سەھەرنىڭ سالقىنى تۇمانغا ئارىلىشىپ كەتتى. بەدەنلىرىم سوغۇقتىن سەسكىنەتتى. مەن چارچىغانلىقىمدىن سەنتۈرۈلۈپ، ھارغىن بې-




① ساھىب — ئىگە، ئىگەم مەنىسىدە

شىنى تاش تاختىغا قويدۇم. يىراقتا – تاج مەھەلنىڭ ئىچكىرىسىدە ئاياغ تاۋۇشلىرى ئاڭلاندى. بۇ تاۋۇش تېخىمۇ يېقىنلىشىپ كېلەتتى. فونتان سايىلىرى كۆلچەك سىرتىدا چايقالدى. سەرۋى دەرىخىنىڭ قويۇق شاخلىرى يېنىك بىر تەۋرىنىپ قويدى. ئاخىرى گۈزەل سارايىنىڭ ئىشىكلىرى ئاستا ئېچىلدى. مەن ھەيرانلىقتىن كۆزلىرىمنى يوغان ئېچىپ تۇرۇپلا قالدىم.

بوسۇغىدا كىمدۇر بىرى ئاستا قەدەم تاشلاپ ئېگىز بويىنى كۆرسەتتى. بوگەۋدە تاج مەھەلدىن سىرتقا چىقىپ توختىدى ۋە يۈزىنى ساراي تەرەپكە بۇراپ، ئۇنىڭغا تىكىلدى. مۇنارىلار سايىسىدە ئۇنىڭ ئۇزۇن قىرلىق بۇرنى، شالاڭ ساقىلى ۋە يەلكىسىگىچە چۈشۈپ تۇرغان بۇدرە چاچلىرى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ سىرلىق بېگانە كىشى تاج مەھەلدىن بىر دەممۇ كۆزىنى ئالماي ئۇنىڭغا تىكىلەتتى. بىردىنلا شامال ئۇنىڭ ئۇزۇن يەكتىكىنىڭ ئېتەكلىرىنى كۆتەردى. مانا شۇ چاغدا ئۇنىڭ پۈتىدىكى كۈمۈشرەڭ، ئۇچلۇق توفلىسى يالت - يۇلت قىلىپ قالدى. جىمجىتلىق يەنە ھۆكۈم سۈردى. نە بىرەر ھەرىكەت ياكى بىرەر ئاۋازنىڭ شەپىسى بولمىدى. پەقەت سەرۋى دەرىخىنىڭ شاخلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس چايقىلىپ تۇراتتى. تېترەپ كەتكەنلىكىمدىن قولۇمدىكى دەرەخ نوتىسى تاش تاختا ئۈستىگە چۈشۈپ كەتتى. بۇ، قاتتىق ئاۋاز چىقىرىپ، ئىلاھى جىملىقنى بۇزۇۋەتتى. ھېلىقى ئادەم دەرھال بۇ تەرەپكە بۇرۇلدى - دە:

—كىم؟ — دەپ سورىدى.

مەن ئۇنى كۆرمىگەن بولسامۇ، لېكىن خىيالىمدا ئۇنىڭ قاراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇردۇم. قانداقتۇر بىر قورقۇنچ ھېسسى مېنى قامال قىلىۋېلىپ، تىلىمنى لال قىلىپ قويغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن لام - جىم دېيەلمەي قالدىم. شۇ چاغدا ئۇ كىشى مەن تەرەپكە ئاستا كەلدى - دە، يەنە:

— كىمسەن؟ — دەپ سورىدى.

— يولۇچىمەن.

— يولۇچىمەن؟ بۇنداق بىمەھەلدە نېمە قىلىپ يۈرىسەن بۇ ياقلاردا؟

ئۇ جاۋابىمنىمۇ كۈتمەي يەنە تاج مەھەلگە نەزەر سالدى. بۇ قېتىم ئاي نۇرى ئۇنىڭ ئاپئاق يۈزىنى، تومپىيىپ چىققان پېشانە ۋە ياڭاقلىرىنى روشەن يورۇتتى.

— قورقما! مەن ساڭا ئىشىنىمەن، — دېدى ئۇ، — ئەگەر ئىشەنسەڭ، مەن سېنى بۇ يەردە كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشالمەن، راستىنى ئېيتسام، ئۇزۇندىن بېرى ساڭا ئوخشىغان يولۇچىلارنى ئۇچراتمىغانىدىم.

ئۇنىڭ كىشىنى ئەركىلەتكۈچى يېقىملىق ئاۋازى، ئۈزۈپ - ئۈزۈپ سۆزلىشى ماڭا خۇددى سېھىرلىك قەدەھتەك تەسىر قىلدى.

— تاج مەھەل ساڭا ياقتىمۇ؟

—ھە - ئە! بەكمۇ ياقتى، قارىغانسېرى قارىغۇم كېلىۋاتىدۇ.

— بۇ گېپىڭ توغرا، — مېنىڭ سۆزۈمگە قوشۇلدى ئۇ، — قېنى ئېيتقىنا، ئەنە شۇ تاج مەھەلگە قارىغان ۋاقتىڭدا سەن نېمىلەرنى ئويلىيسەن، كۆز ئالدىڭدا قانداق مەنزىرە پەيدا بولىدۇ؟

—بۇنى ساڭا چۈشەندۈرۈپ بېرەلەرمەنمۇ؟ — دېدىم ھەيران بولۇپ، — ھېچنەرسىگە سېلىشتۇرۇپ بولمايدىغان، تەڭدىشى يوق بۇ گۈزەللىكنى سۆز بىلەن تەرىپلەپ بەرگىلى بولۇرمۇ ۋە چەكسىز مېھرى - مۇھەببەت تارىخىنى قايتىدىن سۆزلەپ بېرىشنىڭ ئىلاجى تېپىلارمۇ؟ مەن تاج مەھەلگە تىكىلگىنىمدە كۆز ئالدىمدا ئۆلۈم كۆرپىسىدە ياتقان بولسىمۇ، لېكىن قانداقتۇر بىر ئىلاھى كۈچنىڭ ياردىمىدە مەشئەلدەك يوپيورۇق نۇر چېچىپ تۇرغان ئارژۇمەندبانۇ ① مۇھەببىتىنى

① ئارژۇمەندبانۇ — پادشاھ شاھ جاھان (1627 - 1658)نىڭ خوتۇنى بولۇپ، بابۇرلەر سۇلالىسىدىن، ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى مۇمتاز مەھەلدۇر.

www.uyghurkitap.com

كۆرگەندەك بولىمەن. ئۇنىڭ سېغىنىش ۋە غەم-قايغۇ بىلەن تولغان ئۆلۈم ئالدىدىكى نىگاھى مېنىڭ يۈرەك - باغرىمنى ئېزىپ تاشلايدۇ. مەن بۈيۈك ۋە ساداقەتلىك سۆيگۈ قۇدرىتى بىلەن مانا شۇ كۆز ياشلىرىدىن بارلىققا كەلگەن مېمارچىلىقنىڭ ئۆلمەس دۇردانىسىنى تىكلىگەن ھۆكۈمران شاھ جاھان توغرىسىدا ئويلايمەن. ئۇنىڭ شۆھرىتى ئەسىرلەردىن ئەسىرلەرگىچە ياشاۋەرسۇن، ئۇ بۈيۈك كىشى ئىدى...

— سەن شاھ جاھاننى ئەسكە ئېلىۋاتامسەن؟ ئۇنىڭ ئارزۇ مەندىبانۇغا بولغان مۇھەببىتىنى ئويلاۋاتقان ئوخشىمامسەن؟

ئۇنىڭ سۆزلىرىدىكى كىنايە ۋە مەسخىرىلەش ئاھاڭلىرى مېنىڭ غەشلىكىمنى كەلتۈردى.

— خوش، شۇنداقمۇ؟ تاج مەھەل بۈيۈك مۇھەببەت تىمسالى ئىكەنلىكىنى پۈتۈن ئالەم بىلىدىغۇ!

— بۇ، شۇنداق بىمەنا دۇنيا. سەن تاج مەھەلگە قارىساڭلا پادىشاھ ھەققىدە ۋە ئۇنىڭ قىزدىقىشى توغرىسىدا ئويلايسەن! خۇش، بۇ ئەپسانىۋى ساراي قىياپىتىنى ئۆز قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر جايلىرىدا مۇقەددەس بىلىپ ساقلاپ يۈرگەن كىشىنىڭ كىملىكى ھەققىدە بىرەر قېتىممۇ ئويلاپ باقمىغانسەن؟ ئۇنىڭ قامىتىدە كىمنىڭ كۆز ياشلىرى بارلىقىنى، ئۇنىڭ چىرايىدىكى يالقۇندا كىملەرنىڭ ھاياتى كۆيۈپ كۈل بولغانلىقىنى ۋە كىملەرنىڭ نەپسى بوغۇلغانلىقىنى بىلەمسەن؟ ياق! سەن ھەتتا ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ يادىڭدىن چىقىرىپ قويغاندەك قىلىسەن. ئۇنىڭ ئىسمى ئەيسا، ئۇنى ئۇستا ئەيسا دېيىشەتتى. ساڭا بۇ كىشى زادى تونۇش ئەمەسمۇ؟

— ئۇستا ئەيسامۇ؟

— ھە، ئۇستا ئەيسا. سەن بۇنداق سارايىنى، ھەر بىر بۆلۈكى ئالەمچە خۇشاللىق بەخش ئېتىپ تۇرغان ئەنە شۇ ھەشەمەتلىك سارايىنى بەرپا قىلغان كىشىنىڭ ھەتتا ئىسمىنىمۇ بىلمەمسەن؟ ھەرىكەتتىكى ۋە ھەرىكەتسىز نەرسىلەردىكى گۈزەللىكنى، قىزىل گۈل غۇنچىسىغا يوشۇرۇنغان گۈزەللىكنى ۋە بۇلبۇل كۈيىنىڭ جانغا ئارام بەرگۈچى ئاۋازىنى ئەنە شۇ مەرمەر تاشلاردا ئەبەدىي مۇجەسسەملەشتۈرگەن كىشىنىمۇ بىلمەمسەن؟ سەن ئۇنىڭ نامىنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغانمۇ؟

— ئۇ نېمە قىلىدىغان ئادەم ئىدى، — دەپ سورىدىم مەن ھاياجان بىلەن.

— ئۇ، تەبىئەت گۈزەللىكىگە مەپتۇن بولغان بىر تەلۋە ئىدى، ھە - ھە، بىر تەلۋە ئىدى.

مەن ئۇنىڭ نېمىلەرنى دېيىشىنى كۈتۈپ ھەيران بولۇپ تۇراتتىم. ئۇ مېنى ئىشارەت بىلەن ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى -دە، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئۇ تۈركىستاندا مەشھۇر بىناكار ئۇستىلار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، يېشى يىگىرمىگە كىرەر-كىرمەيلا بىناكارلىق كەسپىدىكى زور سەنئىتى ئۈچۈن، ھۆرمەت ۋە مېھىر بىلەن «ئۇستاز ئەيسا» دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان. بىراق، ئەيسانىڭ ئۆزى تېخى ئۆز ئىشىدىن رازى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئاجايىپ قوللىرىدا تاش ۋە لايدىن بارلىققا كېلىۋاتقان ئاددىي، لېكىن ئۇنىڭ نەزەرىدىكى قوپال قۇرۇلۇشلار ئۇستىنى قانائەتلەندۈرمەيتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە قىممەت باھالىق تاشلاردىن بەرپا قىلىنىدىغان چوڭ ۋە يېنىك، ساددا ۋە ئۇلۇغۋار، غارايىپ ساراي قۇرۇش ئارزۇسى ياشايتتى. شۇنداق قىلىپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ چۈشىدە تاجمەھەلنى كۆرىدۇ. خىرە-شىرە كۆرۈۋاتقان چۈشى ئاستا سۇزۇلۇپ ئۇستىنىڭ ئاڭ ۋە خىيالىدا بولغۇسى ساراي قىياپىتى نامايەن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەيسا باشقا ھېچنەرسىنى ئارزۇ قىلمايدىغان، باشقا بىر نەرسىنى ئويلىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئارىدىن يىللار ئۆتىدۇ. ئاخىر، ئۇستىنىڭ قەلبىدە سارايىنىڭ مۇكەممەل قىياپىتى پەيدا بولىدۇ، ئۇ بولغۇسى بۇ ساراي قۇرۇلۇشىنى قەغەزگە چۈشۈرىدۇ. شۇ كۈنى ئەيسا ئۆزىنى چەكسىز خۇشال ۋە بەختىيار ھېس قىلىدۇ.

ئۇ ئۆز مەملىكىتىنىڭ سۇلتانى ھوزۇرىغا

ناھايىتى چوڭ ئارزۇ - ئۈمىدلەر بىلەن كىرىدۇ، سۇلتان ئۇستىنى خۇشال قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئەيسانىڭ ئارزۇلىرى توغرىسىدىكى ھېكايىسىنى قىزىقىش بىلەن ئاڭلايدۇ، بىراق، ئۇ، بۇنداق سارايىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن قانچىلىك مەبلەغ كېتىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ كۆرگەندىن كېيىن، نومۇسىغا چىدىيالماي بېشىنى تۆۋەن سالىدۇ: بۇ، ئۇنىڭ قۇدرىتى يېتىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى.

بىرىنچى قېتىملىق مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكتىن كېيىن ئەيسا ئۈمىدسىزلەنمىدى، قايغۇ - ئەلەمۇ چەكمىدى. ئۇ، يەر يۈزىدە باي، دۆلەتمەن ۋە تەڭدىشى يوق قۇدرەتلىك مەملىكەتلەر بار، دەپ ئاڭلىغانىدى. ئۇ ئەنە شۇ ياقلارغا بېرىپ بېقىشنى نىيەت قىلدى. ئەيسا ئىران شاھىنىڭ ھۇزۇرىغا باردى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ئارزۇلىرى نۇرى بىلەن ئىران پادىشاھىنىڭ كۆزلىرىنى ئويناتتى. لېكىن بۇ يەردىمۇ ئۇنىڭ ئامىتى كەلمىدى. ئۇ كۆپلىگەن شاھ، پادىشاھ ۋە قۇدرەتلىك سۇلتانلار ھۇزۇرىدا بولدى. بىراق، بۇ ئارزۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى كۆرۈش ئۇلارنىڭ ھېچقايسىغىلا نېسىپ بولمىدى.

ئەيسانىڭ ھىندىستاننىڭ ئەپسانىۋى بايلىقلىرى ھەققىدىكى پاراڭلارغا قۇلىقى چۈشۈپ قالىدۇ. دۆلەتمەن ۋە سېخى شاھ جاھان سەنئەت ئەھلىنىڭ ئۇلۇغ ھامىيسى ئىكەنلىكى توغرىسىدا قوشاقلار توقۇلغانلىقىنى ئۇقىدۇ. ئۇ ئارزۇ - ئۈمىدلىرى بىلەن قاناتلىنىپ، دېھلىگە يول ئالىدۇ. لېكىن شۇ چاغدا شاھ جاھان پايتەختتە ئەمەس ئىدى. بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى پادىشاھنىڭ سۆيۈملۈك خوتۇنى ئارژۇ مەندبانۇ ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن سۆيۈملۈك يارىدىن ئەبەدىي جۇدا بولغان شاھ جاھان ئاگرادا قالغان، ئۇ، بۇ يەردە كېچە-كۈندۈز قايغۇ - ئەلەم چېكىپ ماتەم تۇتىدۇ. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ نەزىرىدە ھاياتمۇ تۈگەپ كېتىۋاتقاندەك، سۆيگەن كىشىسىدىن پەقەت خاتىرىلەرلا قېلىۋاتقاندەك بولىدۇ. ئەيسا بۇنىشتىن خەۋەر تېپىپ ئىنتايىن تەسىرلىنىدۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ھېس - ھاياجان، رو-

ھىي قىسىلىش قاپلايدۇ.

بىراق، ئۇستا ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي، شاھ جاھاننىڭ ئۆز سۆيۈملۈكىنىڭ خاتىرىسىنى ئەبەدىيلەشتۈرمەكچى بولغانلىقىنى ۋە سۆيگەن خوتۇنىنىڭ جەسىتىنى قويۇش ئۈچۈن ئۇلۇغۋار بىر مەقبەرە ياسىتىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ قالىدۇ. ئەيسا ئۆزىنىڭ گۈزەل ئارزۇ - نىيەتلىرى قايغۇ - ئەلەم سىمۋولىغا، تەڭداشسىز ئېغىر ماتەمنىڭ مەيۈس بىر ھەيكىلىگە خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئەپسۇسلىنىدۇ. لېكىن ئۆز چۈشىنىڭ ئوڭىدىن كېلىشىگە، ئارزۇلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا پەقەت شاھ جاھانلا ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر كۈنى ئۇ ئۆز قەلبىگە ئۆزى تەسەللىي بېرىپ، پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا يول ئالىدۇ.

ئەيسانىڭ سۆزلىرىنى ئوبدان ئاڭلىغاندىن كېيىن شاھ جاھان مۇنداق دەيدۇ:

— سېنىڭ مېنىڭ ھۇزۇرۇمغا يىراق يۇرتلاردىن چوڭ ئارزۇ - ئۈمىدلەر بىلەن كەلگەنلىكىڭنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. ئېخ، ئەگەر مېنىڭ بېشىمغا پەلەكنىڭ گەردىشى شۇنچە ئېغىر غەم - قايغۇ تاشلىرىنى ياغدۇرمىغاندا ئىدى!... ئەمدىلىكتە ماڭا ساراي ئەمەس، مەقبەرە كېرەك. مەن بۇ قايغۇ كۆلبىسىنىڭ قانداق بولۇشىنى خىيالىمغا كەلتۈرۈپ يۈرىمەن. مەن ئارزۇ قىلغان بۇنداق مەقبەرىنى دۇنيادىكى ھېچبىر مېمار بارلىققا كەلتۈرەلمىسە كېرەك، دەپ قورقىمەن. مەن بىلەن يۈرگىنە، — دەپ ئەيسانى ئۆزى دەم ئالىدىغان ئۆيگە باشلىدى ئۇ، — مانا بۇلارغا قارا، — پادىشاھ يىراق - يېقىن ئۆلكىلەردىن كەلگەن مەشھۇر مېمارچىلىق ئۇستىلىرى تەرىپىدىن ئىشلەپچىقىرىلغان لايىھىلەرنى ئەيساغا كۆرسەتتى، — سەن ئويلىغان ساراي بۇلاردىنمۇ ياخشىراق بولارمۇ؟

— ھەئە، — دەپ جاۋاب بەردى ئەيسا ئىشەنچ بىلەن.

www.uyghurkitap.com

ئەيسا قولىنى - قولىغا ئۇرۇپ ئاۋاز چىقاردى، شۇ هامانلا خىزمەتكارى كىردى. ئۇ تېگىشلىك پەرمانىنى ئېلىپ، ئۈستىگە يىپەك رەخت



يېپىلغان چوڭ پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ يەنە كىردى. ئەيسا هاياجانلانغىنىدىن تىترەۋاتقان قوللىرى بىلەن يىپەك رەختنى كۆتۈردى، پادشاهنىڭ كۆز ئالدىدا ئاجايىپ سارايىنىڭ قىياپىتى نامايەن بولدى. ئەيسا دەككە - دۈككە ئىچىدە شاھ جاهانغا نەزەر تاشلىدى. بىراق، شاھ لام - جىم دېمەي تۇراتتى. ئۇ ئاجايىپ سەنئەت نەمۇنىسىدىن كۆزلىرىنى ئۈزەلمەيۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ياش تولۇپ، دېمى سىقىلىپ هۆكرەپ يىغلىۋەتتى. كېيىن ئۆزىنى بېسىۋېلىپ:

— بانۇ، ئەي بانۇ!... — دەپ پىچىرلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن شاھ جاهان كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى. ئەيسانى باغرىغا باستى ۋە دېدى:

— ئۇستاز ئەيسا! بۇ خۇددى مېنىڭ ئارزۇ قىلغان هېلىقى سارايىمنىڭ ئۆزى. سەن بۈيۈك مېمار ئىكەنسەن!

بۇنداق هاياجانلىق، مەدھىيە سۆزلىرىنى ئەيسا ئاز ئاڭلىغان دەمسىلەر! هەر قېتىم مۇنداق مەدھىيىلەردىن كېيىن، ئۇنىڭ ئارزۇ-ئۈمىدلىرى قانچە رەت كۆمپەيكۈم بولغانىدۇ! شاهنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرمەسلىك ئۈچۈن ئۇ، ئىنتايىن ئېهتىياتچانلىق بىلەن دېدى:

— ئەي، شاهىنشاهىم! مېنىڭ بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىپ، تەلىپىمنى ئاڭلاڭ: مەن سىزگە راست گېپىمنى قىلاي. بۇ ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىهېساب بايلىق كېرەك. سىزنىڭ پۈتۈن خەزىنىڭىزدىكى بايلىقىڭىزنىڭ بۇنىڭغا يەتمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن...

— سەن بۇ جەهەتتە قايغۇرما. بۇ تەرىپى مېنىڭ ئىشىم، ئەيسا. ئەمدى ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشمىغىچە كۆڭلۈم ئورنىغا چۈشمەيدۇ.

ئەشۇ كۈنى كېچىسى ئەيسا ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ خاتىرجەم ئۇخلىدى. ئۇ بۇگۈنكى ئۇيقۇنىڭ هاياتىدا ئەڭ ئاخىرقى خاتىرجەم ئۇيقۇ بولۇپ قالىدىغانلىقىدىن تېخى خەۋەرسىز ئىدى.

ئەتىسى ئەيسا، يەنە شاھ جاهانىنىڭ ئالدىغا كەلدى. پادشاھ كىچىككىنە تاجمەهەلگە تىكىلىپ، ئۇنىڭدىن زوقلىنىپ ئولتۇراتتى. ئەيسا ئۇنىڭ هۇزۇرىغا كىرگەندە شاھ جاهان:

— ئەيسا، مەن سېنىڭ ئارزۇيۇڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشۇڭغا رازى بولغانلىقىمدىن خۇشالدۇرسەن. شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئەي شاهىنشاھ! مانا ئەمدى مەن بۇ دۇنيادا مەنىسىز ياشىمىدىم دەپ ئېيتالايمەن. مەن سىزگە ئۆزەمنىڭ مىننەتدارلىقىمنى قانداق ئىزهار قىلسام بولىدىكىن؟

— ئەيسا، — دېدى تەنتەنىلىك ئاهاڭدا شاھ

جاھان، — مەن مۇغۇللار ① نىڭ پۈتۈن خەزىنىسىنى سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزغا بېرىمەن. لېكىن بۇ ساراي ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى بويىچە ئەڭ مۇكەممەل ساراي بولۇشى كېرەك. ئۇ پۈتۈن دۇنيادا تەڭدىشى يوق ساراي بولۇشى زۆرۈر. ئۇ ئارژۇمەندبانۇنىڭ ئۆزى قانداق گۈزەل بولسا، شۇنداق مۆجىزە بولۇشى لازىم.

— ئالەمپاناھ شاھىم! مەن ئۆزەمنىڭ پۈتۈن سەنئىتىمنى ئىشقا سالىمەن ۋە سىزنىڭ ئىستىكىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن.

— شۇنداق قىلالامسەن؟ — دەپ سورىدى شاھ جاھان ئەيسانى كۆزلىرى بىلەن تەقىپ قىلىپ، — مۇبادا زۆرۈر بولسا قۇربان بېرىپ بولسىمۇ ئورۇنلىيالامسەن؟

— شاھىم، مەن شۇ ئارزۇ يولىدا ئۆي - جايىمدىن، ئائىلەمدىن، ۋەتىنىمدىن جۇدا بولدۇم. ئەمدى مەن ئايرىلالمايدىغان يەنە نېمە قالدى؟

— سېنىڭ قوللىرىڭ.

— مېنىڭ قوللىرىم؟ — ھاڭ - تاڭ بولۇپ ھاياجان ئىچىدە سورىدى ئۇستا.

— ھە، — دەپ تەكرارلىدى قەتئىي بىر ئاھاڭدا پادىشاھ، — سېنىڭ قوللىرىڭ. تاجمەھەلنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن قوللىرىڭ كېسىپ تاشلىنىدۇ. سەن بۇنىڭغا رازىمۇسەن؟

— نېمە ئۈچۈن، شاھىم؟

— ئەيسا! بۇ ساراي ئارژۇمەندبانۇغا يادىكارلىق. ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل ئىجاد نەمۇنىسى بولۇپ قېلىشى ۋە ھېچقاچان، ھېچنەرسە گۈزەللىكتە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەسلىكى لازىم. ئويلاپ كۆر، ئەيسا! سەن ئۆز قوللىرىڭدىن جۇدا بولۇشۇڭ شەرت.

ئەيسا كۆپ كۈنلەر مابەينىدە خىيالغا چۆكۈپ ئويلىنىپ يۈردى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمۈر بويى ئويلىغان ئاجايىپ ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ بەرگەن قوللىرىدىن جۇدا بولۇش ھەققىدىكى پىكىرگە ئۇ زادىلا چىداپ تۇرالمايتتى. بىراق، ئۇ شۇنى ياخشى بىلەتتىكى، ئەگەر ئۇ قوللىرىنى ئايايدىغان بولسا، ئارزۇلىرى بەربات بولىدۇ، ئۇنىڭ يارىتىشى مۇمكىن بولغان ئاجايىپ سارايىنى ھېچكىم، ھېچقاچان كۆرەلمەيدۇ. بۇ ئوي - پىكىرلەر ئىسيانىدا ئۇستا غالىپ چىقتى.

ئەيسا تاج مەھەل ئۈچۈن شەھەر جەنۇبىدىن، جەمنە دەرياسى بويىدىن گۈزەل بىر جاينى تاللىدى. قىممەت باھالىق مەرمەر تاشلار جايپوردىن كەلتۈرۈلدى. ناھايىتى كۆپ تاشلار ئارىسىدىن ئەڭ ياخشىلىرىنى، ساغۇچ خاللىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاق مەرمەر تاشلارنى تاللاشتى. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن مىڭلاپ بىناكار ئۇستىلار كېلىشتى.

كۈنلەر كەينىدىن كۈنلەر، ئايلار ۋە يىللار ئۆتتى. ناھايىتى ئاستا بولسىمۇ، تاج مەھەل قەد كۆتۈرۈپ، پەيدىنپەي پۈتتۈۋاتاتتى.

ئاجايىپ سارايىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن 22 يىل جاپالىق ئەمگەك قىلىشقا توغرا كەلدى. شىكرى ۋە فاتېھپوردىن كەلتۈرۈلگەن قىزىل تاشلاردىن تاج مەھەل ئەتراپىغا تام قوپۇرۇلدى. ئاسانسى كىرىش يولىغىمۇ قىزىل تاشلار ئىشلىتىلدى. مانا شۇنداق قىلىپ، كۈنلەردىن بىر كۈنى شاھ جامان تۇنجى بولۇپ تاج مەھەلنى بېرىپ كۆردى. قېرىلىق تۈپەيلى پۇتلىرىدىن مادارى كەتكەن پادىشاھ كىشى ئەقلىنى تاڭ قالدۇرىدىغان بۇ گۈزەللىكنى كۆرۈپ، باشقىدىن كۈچ - قۇۋۋەتكە تولدى. ئۇ گۈل پەردىلەرنى ئېچىپ، تاج مەھەلنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەلدى. سارايىنىڭ تۆت تەرىپىگە قىممەت باھالىق تاشلاردىن كۆزنى قاماشتۇرىدىغان نەقىش گۈللەر ئىشلەنگەن، ساراي ئوتتۇرىسىغا، تاش سۇپا ئۈستىگە ئىككى مەقبەرە ئورنىتىلغان، ئۇلاردىن بىرى ئارژۇمەندبانۇغا، يەنە بىرى شاھ جاھاننىڭ ئۆزىگە مولجاللانغان. ئارژۇمەندبانۇنىڭ مەقبەرىسىگە قىممەت باھالىق تاشلار بىلەن قۇرئاندىن ئېلىنغان سۆزلەر — ئايەتلەر پۈتۈلگەنىدى. پادىشاھنىڭ قايغۇسى، غەم - ئەلەملىرى قوزغىلىپ، يۈرىكىدىكى

① مۇغۇللار ياكى بۈيۈك مۇغۇللار — ھىندى ئىمپېراتورلار سۇلالىسى

ھاياجىنىنى باسالمىدى، ئۆزىنى تۇتالماي ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى. ھەممە جىمجىت تۇراتتى ۋە شاھ جاھانغا مەيۇس تىكىلەتتى. ئاخىرى شاھ جاھان ئۆزىنىڭ ھاياجىنىنى بېسىۋالدى، كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ سارايدىن چىقىپ كەتتى.

شاھ جاھان ئاساسىي كىرىش يولىدا — قەسىردە پەيدا بولۇشى بىلەن بۇ يەرگە توپلانغان مىڭلىغان كىشىلەر: «ھايات بولسۇن شاھىنشاھ!» «ياشىسۇن شاھىنشاھ!» «پادىشاھىمىزنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن!» دەپ ئۈچ قېتىم توۋلاشتى.

شاھ جاھان تاج مەھەلنى قۇرۇشقا قاتناشقان بارلىق قۇرغۇچىلارنى سېخىيلىق بىلەن مۇكاپاتلىدى. ھەر بىر ئىشچى ئالتۇن ئۈزۈك ئالدى. ھەر بىر ئۇستىغا دۇر - گۆھەرلەر ئىنئام قىلىندى. ئەيسانى بولسا پادىشاھ باغرىغا بېسىپ قۇچاقلىدى، ئاندىن مۇنداق دېدى:

— ئۇستاز ئەيسا! ساڭا نېمە مۇكاپات بەرسەم بولۇركىن؟ سېنى قانداق رازى قىلسام بولىدىكىن؟ ئۆزەڭ دە! نېمىنى خالايسەن؟ تىلە، تىلەيدىغىنىڭنى.

— شاھىنشاھ، ماڭا ھېچقانداق بايلىق كېرەك ئەمەس. مەن ھېچقانداق مەنسەپ، ئەمەل، ئۇنۋانلارغا قىزىقمايمەن. مەن سىزدىن پەقەت ئۆزقوللۇرۇمنى... سورايمەن.

— ياق! — دەپ ۋارقىرىدى شاھ جاھان، — ياق، ئەيسا، ياق! سەن مەندىن بۇنى سورىما!

— ئالەمپاناھ شاھ، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى ئەيسا، — ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن! قەسەم قىلىمەنكى، مېنىڭ بۇ قوللۇرۇم ھېچقاچان تاج مەھەلگە ئوخشىغان باشقا ساراي قۇرمايدۇ.

— ياق! —دەپ ئاۋازىنى تېخىمۇ قاتتىق چىقىرىپ ۋارقىرىۋەتتى شاھ جاھان، —ئۇنىڭنى چىقارما، ئەيسا. مەن تەۋەككۇل قىلالمايمەن. تاج مەھەل — ئارزۇمەندبانۇغا ھەيكەل، دۇنيادا ھېچ نەرسە بۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەسلىكى كېرەك. غەم قىلما، ئەيسا. گەرچە قوللىرىڭ بولمىسىمۇ لېكىن ھېچقاچان، ھېچنەرسىگە مۇھتاج بولمايسەن. سەن مېنىڭ سارىيىمدا ياشايسەن. سەن بۇ يەردە دۇنيادىكى ئەڭ بۈيۈك ئۇستاز سۈپىتىدە شاھانە ھۆرمەتكە ئىگە بولىسەن.

ئەيسانىڭ بېشى تۆۋەن سېلىندى، كۆزلىرىدىن مۆلدۈرلەپ ياش تۆكۈلدى. شاھ جاھان قوللىرىنى ئۇنىڭ يەلكىسىگە قويۇپ تۇرۇپ دېدى:

— ئەيسا، قوللىرىڭ كېسىلىشتىن ئاۋۋال، سەن تاج مەھەلنىڭ چالا قالغان يەرلىرى باريوقلۇقىنى ئويلاپ كۆرۈپ ماڭا دېگىن.

ئەيسا بېشىنى زورغا كۆتۈرۈپ، ئۆزى بەرپا قىلغان، بۈيۈك سارايغا قايغۇ - ئەلەم بىلەن نەزەر تاشلىدى، ئاندىن مۇنداق دېدى:

— بىر ئىشنى قىلىش ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. رۇخسەت قىلسىڭىز شۇ ئىشنى ئۆزۈم بېجىرىۋەتسەم.

شاھجاھان ئىما بىلەن ماقۇللۇق ئالامىتىنى بىلدۈردى. ئەيسا بولقىسىنى قولغا ئالدى ۋە چاققانلىق بىلەن شوتىغا چىقىپ كەتتى. ئوتتوپتوغرا بىنانىڭ ئەڭ ئۈستىگە — قۇببىسىغا چىقتى - دە، بىر قولى بىلەن ئاي ئوغرىغىنى تۇتتى، يەنە بىر قولى بىلەن بولقىسىنى كۆتۈرۈپ، بىر جايىنىڭ ئۆزىگە ئۈچ قېتىم ئۇردى. ئۇ بىردەم قېتىپ تۇرۇپ قالدى - دە، پەستە يىغىلىپ تۇرغان توپقا، ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ تۇرغان شاھجاھانغا نەزەر تاشلىدى ۋە كۆز ياشلىرىنى سۈرتىۋالدى. ھەممىنىڭ نەزىرىدە ئۇ ھازىرلا ئۆزىنى پەسكە تاشلايدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

بىراق، ئەيسا ئۇنداق قىلمىدى. تېزلا چاققانلىق بىلەن شوتىدىن چۈشۈپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا ئۈچ پۈكۈلۈپ تازىم قىلدى.

— ئۇ يەردە قانداق ئىش چالا قاپتىكەن،

ئەيسا! — دەپ سورىدى شاھجاھان.

— بىنانىڭ قۇببىسىدە، شۇنداقلا يېرىم ئاينىڭ يېنىدا بىر خىش بوشاپ قاپتىكەن. مەن ئۇنى چىڭىتىپ قويدۇم.

پادىشاھ جاللاتنى چاقىردى. ئەيسا ئۆز قوللىرىغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆزلىرىنى تىكتى ۋە بار كۈچى بىلەن ئۆزىنى تۇتۇشقا ھەرىكەت قىلدى — دە، دۈش تەرەپكە يول ئالدى. جاللات بىرلا قىلىچ ئۇرۇپ ئۇنىڭ قوللىرىنى جەينىكىدىن ئۈزۈۋەتتى.

تاج مەھەل ھويلىسىدىكى فونتانلار ئېتىلىپ چىقىپ، سارايىنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشتى، ئۇنىڭ تەسۋىرلىگۈسىز دەرىجىدىكى گۈزەللىكى، شان-شۆھرىتى پۈتۈن دۇنياغا پۇر كەتتى.

يامغۇرلۇق كۈنلەر باشلاندى. تاج مەھەلنىڭ قۇببىسىدىن بىر نەچچە لاي تامچە تامچىپ، توپتوغرا ئارژۇمەند بانۇنىڭ مەقبەرىسى ئۈستىگە چۈشتى. بۇ ئىش شۇ ھامانلا شاھ جاھانغا يەتكۈزۈلدى. پادىشاھ دەرھال ئەيسانى چاقىرتتى. ئەيسا بولسا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ پەرۋامۇ قىلمىدى.

— ئالەمپاناھ، — دېدى ئۇ، — ئەشۇ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى بۇ ئىشنى مەن ئۆز قولۇم بىلەن قىلىپ چۈشكەندىم.

— سەن نېمە دەپ ئۇنداق قىلدىڭ؟ — پادىشاھ غەزىپىدىن تىترەپ كەتتى.

— نېمە دەپ بولاتتى؟ — دېدى ئەيسا خىرىلدىغان بوغۇق ئاۋازدا كۈلۈپ تۇرۇپ، — سەن غەزەپ ئېتىغا مىنمەي تۇر، ئالەمپاناھ! ئارژۇمەند بانۇغا بولغان مۇھەببەت سېنىڭ كۆزلىرىڭنى كور قىلدى. سەن ئۆز سۆيگۈنۈڭنىڭ شۆھرىتىنى ئەبەدىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن تاج مەھەلنى بەرپا قىلدۇردۇڭ. بىراق، سېنىڭ مۇھەببىتىڭ شەخسىيەتچىل مۇھەببەت ئىدى. ئۇ گۈزەللىكنى خورلاپ، ھاقارەت قىلدى. غۇرۇر سېنىڭ بېشىڭنى ئايلاندۇردى ۋە سەن دۇنيادا ھېچقانداق نەرسىنىڭ تاج مەھەلدىن گۈزەلرەك بولۇشىنى خالىمىدىڭ! سەن گۈزەللىكنىڭ ئەركىن قۇش ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟! ئۇنىڭ شەپقەتسىز قوللاردا ئازار چېكىپ غازاڭ بولۇشىنى، قوپال مۇئامىلىگە ئۇچراپ قۇل قىلىنىشىنى زادى خالىمايدىغانلىقىنى ئۇقامسەن؟! مەن ئۇنى ئۇستاد ماھارىتى، ئۇستىنىڭ سەممىي ئىلتىجالىرى بىلەن قۇتقۇزۇپ قالماقچى بولغانىدىم. مەن تاج مەھەل تۈپەيلى ئۇنىڭغا بولغان مېھرى مۇھەببىتىم تۈپەيلى، بارلىق نەرسىدىن ۋاز كەچكەنىدىم، مېنىڭ مۇھەببىتىم تامامەن خالىس. مەن ئۇنىڭغا ئۆز قوللىرىمنى بېغىشلىدىم. ئاخىرقى قېتىم قىلغان ئىشىممۇ تاج مەھەل ئۈچۈن.

— تاج مەھەل ئۈچۈن دەمسەن؟

— ھە، شاھىنشاھ. سەن بۇ دۇنيادا ھۆكۈمرانسەن. لېكىن مۇبادا ئەتىلا ياراتقان ئىگەم سېنىڭ مەغرۇر بېشىڭنى ئېگىپ قويسىچۇ؟ ئۇ چاغدا قانداق قىلىسەن؟ ئەگەر قىيامەت قايىم بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇتلۇق توپانىدا تاج مەھەل كۆزنى ئېچىپ يۇمغىچە يوق بولۇپ كەتسە قانداق قىلىسەن. ئېيتقىنا، مانا بۇ كېسىلگەن قوللىرىم بىلەن ساڭا يەنە بىر تاج مەھەلنى سېلىپ بېرەلەيمەنمۇ؟ مانا شۇلارنى ئويلىغاندا يۈرىكىم ئارقىغا تارتىپ كەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بالىلار، ئاپەتلەر ۋە جىمىكى بەختسىزلىكلەردىن بىر نىشانە بولسۇن دەپ، تاج مەھەلگە ئۆز قولۇم بىلەن بەلگە قويۇپ چۈشتۇم. ئەمدى ھەر ۋاقىت يامغۇر ياغقاندا، ئارژۇمەند بانۇنىڭ مەقبەرىسى ئۈستىگە مېنىڭ كۆز ياشلىرىم تاراملاپ تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. مەن تەڭرىگە باش ئېگىپ يالۋۇرۇپ سورايمەن: «مەن ياراتقان بۇ گۈزەل بىنانى خاراب قىلما، مېنىڭ ئۆمۈر بويى قىلغان ئارزۇلىرىمنى يەر بىلەن يەكسان قىلما. مېنىڭ مانا شۇ تېمىۋاتقان كۆز ياشلىرىم سېنىڭ ئۈچۈن ئەبەدىي قۇربانلىق بولسۇن، مېنىڭ تاج مەھەلىمنى ئۆز پاناھىڭدا ئاسرا!»

ئەيسانىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاقاتتى. ئۇياتتىن، نوموستىن ئۆزىنى يوقىتىۋاتقان شاھ جاھان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى. شۇ ھامان

uyghurkitap.com

كۆكنى بۇلۇت قاپلىدى، شارىلداپ يامغۇر قۇيۇلۇشقا باشلىدى. تاج مەھەلنىڭ قۇببىلىرى ئاستىدىن يەنە يامغۇر ئۆتۈشكە باشلىدى ــ بۇگويا ئەيسانىڭ ئازاب چەككەن يۈرىكىدىن چىكىلداپ تېمىۋاتقان قانىدەك تۇيۇلاتتى.

شۇندىن بېرى كۆپ قېتىم يامغۇر يېغىپ توختىدى. بۇ پانىي دۇنيادا باشقىلار قاتارىدا شاھ جاھاننىڭمۇ ھايات شامى ئۆچتى. ئۇ ئاخىرقى نەپىسى چىققۇچە كۆزىنى ئارزۇ مەندىبانۇنىڭ مەقبەرىسىدىن ئۈزمىدى. پادىشاھ ئۆلدى. مانا ئەمدى ئارزۇمەندىبانۇ بىلەن يانمۇيان تاج مەھەلدە شاھ جاھاننىڭمۇ جەسىتى ياتماقتا.

ئەيسا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، جەمنە دەرياسىنىڭ بويىدا ئۇنىڭغا ئاتاپ مەقبەرە قۇرۇلدى. بىراق دەريا تاشقىنلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ مەقبەرىسىنى يۇيۇپ ئۆتتى. شاھ جاھان بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ روھى ئۇچۇپ كەتتى. ئەيسانىڭ روھى بولسا، ھامان تىنىم تاپماي كېزىپ يۈرمەكتە. بوران چىقىپ گۈركىرىگەندە، گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ چاقماق چاققاندا، ئۇ تاج مەھەل ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ. مەقبەرە قۇببىسىدىن چىكىلداپ تېمىۋاتقان يامغۇر تامچىلىرى ئەيسا ئۈچۈن دۇئا ــ تالاۋەت قىلىدۇ:

ــ قولسىز ئۇستىنىڭ غېمىنى ئۈزۈك يېگىن. پەرۋەردىگار! بەختسىز ئۇستىغا شەپقەت قىل، ئۇنىڭ روھىنى شاد قىل! ئىلاجسىز، بەختسىزگە ئاچچىقلانما، ئۇنىڭ ھالىغا رەھىم قىل.

بۇ دۇئالار ئىجاۋەت بولۇپ، بوران توختايدۇ. يامغۇرمۇ توختايدۇ. يەنە تاج مەھەلنىڭ يۈزىنى ياشىنىتىدۇ...

ھېكايىچى توختاپ قالدى. بىر ئازنەپەسنى رۇسلىۋېلىپ، يەنە ئاستا سۆز باشلاپ ماڭا سوئال قويدى:

ــ ئەمدى سەن ئەيسانىڭ تارىخىنى بىلىۋالغانسەن؟! تاجمەھەل پادىشاھنىڭ بۈيۈك مۇھەببىتىگە مەدھىيە ئەمەس، ئۇ ئەيسا ئۇستىنىڭ ئەمگىكىگە ۋە جاپاسىغا بېغىشلانغان قايغۇ ۋە ئەلەم بىلەن تولغان قوشاقتۇر.... مانا ئەمدى يولۇڭغا يۈرۈۋەر يولۇچى! تاڭمۇ ئېتىپ قالدى. مېنىڭمۇ كېتەر ۋاقتىم بولدى.

ئۇ شۇنداق دەپ يولىغا راۋان بولدى.

ــ ئالدىرىماي تۇر! بۇ ۋەقەنى سەن نەدىن ئاڭلىدىڭ؟ــ دەپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن توۋلىدىم مەن.

ئۇ ئارقىسىغا قايرىلىپ ماڭا بىر قارىدى ۋە قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلىتىپ، ئالدىراش كېتىپ قالدى. پۈتۈن ئەزايىمنى تىترەك بېسىپ كەتتى. مەن كېتىۋاتقان كىشىنىڭ قوللىرىغا قارىمىغانىكەنمەن. بۇ قوللار جەينىكىدىن كېسىپ تاشلانغانىدى....

ئۆزبېكچە «ئاسىيا ئاۋازى» ناملىق كىتابتىن:

قۇدرەت مىجىت تەرجىمىسى

تەرجىمە مۇھەررىرى: تۇرسۇن مۇھەممەدئېخرىدىن

# تاج مەھەل قەبرىسى

تاج مەھەل قەبرىسى دۇنيا بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدىكى مۆجىزىلەرنىڭ بىرى. ئۇ ھىندىستان پايتەختى يېڭى دېھلىنىڭ جەنۇبىغا 200 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان ئاگرا قەلئەسىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان. تاج مەھەل قەبرىسىنى ھىندىستان موغۇل خانىدانلىقىنىڭ 5- ئەۋلاد پادىشاھى شاھ جاھان مىلادى 1632- يىلى ياساتقان.

موغۇل خاندانلىقىنىڭ تارىخىدا ئاتا بىلەن بالا خانلىق تالىشىش، ئاكا بىلەن ئۇكا بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈشتەك قانلىق ۋەقەلەر ناھايىتى كۆپ يۈز بەرگەن. شاھ جاھان لەشكەر تارتىپ ئاتىسىدىن خانلىق تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنغان، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن يەتتە يىل سەرسان بولۇپ يۈرگەن. بۇ جەرياندا ئارژۇمەند بانۇ ئىسىملىك كىچىك خانىش باشتىن-ئاياغ ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان. شاھ جاھان خانلىقنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، ئارژۇمەند بانۇ خانىش بولغان، شاھ جاھان ئۇنىڭغا «مۇمتاز مەھەل» (ئوردىنىڭ تاجى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) دېگەن چىرايلىق نامنى بەرگەن. 1631- يىلى يەنى شاھ جاھان خانلىققا چىقىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن، مۇمتاز مەھەل شاھ جاھان بىلەن بىللە جايلارنى كۆزدىن كەچۈرۈش مەقسىتىدە بۇرخانپۇرغا بارغان ۋە ئۇ يەردە تۇغۇتتا قىينىلىپ ئۆلۈپ كەتكەن. شۇ چاغدا ئۇ 30 نەچچە ياشتا ئىدى. ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا شاھ جاھانغا بالىلارنى ئوبدان بېقىش، ئۆمۈر بويى بويتاق ئۆتۈش، ئۆزىگە دۇنيادا تەڭدىشى يوق چىرايلىق قەبرە ياسىتىشتىن ئىبارەت ئۈچ ئىشنى ۋەسىيەت قىلغان.


شاھ جاھان پۈتكۈل ھىندىستان، ئىران، تۈركىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا ئەللەردىن مەشھۇر بىناكارلار ۋە ھۈنەرۋەنلەرنى قەبرە لايىھىلەشكە ۋە ياساشقا تەكلىپ قىلغان، 20 مىڭدىن كۆپرەك مەدىكارنى ئىشقا سالغان، ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن سۈپەتلىك ئاق مەرمەر تاش ئەكەلدۈرگەن. 40 مىليون رۇپىيە خەجلەنگەن بۇ ھەيۋەتلىك، كۆركەم، نەپىس قەبرە 22 يىلدا پۈتكەن.


تاج مەھەل قەبرىسىنىڭ كۆلىمى 17 گېكتار كېلىدۇ. ئۇنىڭ شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 580 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان كەڭلىكى تەخمىنەن 300 مېتىر بولۇپ، تاملىرى قىزىل قوم، شېغىلدىن قوپۇرۇلغان، دەرۋازىدىن قەبرىگىچە بولغان ئۇزۇن ھەم تۈز يولغا قىزىل تاش ياتقۇزۇلغان. چوڭ يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە كىچىكرەك يول ياسالغان، چوڭ يول بىلەن كىچىك يول ئارىسىدا سۈپ سۈزۈك سۇ شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدۇ. سۇدا ئادەم، دەرەخ، كۆك ئاسمان، بۇلۇتلارنىڭ كۆلەڭگىسى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. قەبرە پۈتۈنلەي ئاپئاق مەرمەر تاشتىن ياسالغان بولۇپ، ئېگىزلىكى 74 مېتىر كېلىدۇ. ئۇ مەرمەر تاشتىن ياسالغان يەتتە مېتىر ئېگىزلىكتىكى سۇپىغا ئورنىتىلغان. قەبرىنىڭ ئۈستىنى دىئامېتىرى 17 مېتىر كېلىدىغان شارسىمان ئۆگزە يېپىپ تۇرىدۇ. سۇپىنىڭ تۆت بۇلۇڭىدا ئېگىزلىكى 41 مېتىر كېلىدىغان ئۈچ قەۋەتلىك تۆت مۇنار ياسالغان. پادىشاھ يەرلىكىنىڭ ئىچكى قىسمى سەككىز بۇرجەكلىك بولۇپ، بەش لەھەت بار، لەھەتنىڭ رەڭگا رەڭ ياقۇتتىن قۇراشتۇرۇلغان تاملىرى كۆركەم، پىيازگۈل قاتارلىق ئۈسۈملۈكلەرنىڭ سۈرىتى بىلەن زىننەتلەنگەن بولۇپ، كۆزنى قاماشتۇرىدۇ. مەركىزىي لەھەتتە شاھ جاھان بىلەن مۇمتاز مەھەلنىڭ تاش تاۋۇتلىرى يانداش قويۇلغان. تاۋۇتنىڭ ئالدىدىكى دەرپەردە ئەتراپىدىكى سالاسۇن ياكى دېرىزىلىرىنىڭ ھەممىسى تەشمە نەقىشلىق مەرمەر تاش تاختىلىرىدىن ياسالغان. بۇ ئاجايىپ چىرايلىق قۇرۇلۇشنىڭ دۇنيادا ھەقىقەتەن تەڭدىشى يوق. بۇقەدەر ئىمارەت ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشى بىلەن ھازىرمۇ نۇرغۇن ساياھەتچىنى جەلپ قىلماقتا.

## ماتېرىيال


ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


## خەتتاتلار مۇنبىرى
















ئۇستىكار      ئۆمەر كېرەم   سىزغان





باش مۇقامچى ئابدۇللا مەجنۇن پايتەخت سەھنىسىدە




«شىنجاڭ مەدەنىيىتى»　　新疆文化（维吾尔文）

(قوش ئايلىق ئومۇمىي ئەدەبىي ژۇرنال)　　36 - يىل نەشرى 1987 - يىل 2 - سان

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى نەشر قىلدى

«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

ۋاكالەت نومۇرى: 22 — 58　　تىزىملانغان نومۇرى: 361



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى